# تەقدىر

ئاپتۇر:دوكتۇر يۈسۈپ قەرزاۋى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئادىل سۇلايمان

# كىرىش سۆز

قازايى قەدەرگە ئىشىنىش ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ. ئىسلام ئەقىدىسى ئاللاھقا ئىشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـسۈپەتلىرىنى توغرا بىلىش ئۈستىگە بىنا قىلىنغان.

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالاغا كامالەت سۈپەتلىرى، بۈيۈكلۈك، گۈزەللىك سۈپەتلىرى ۋە ماختاش ئامىللىرىنى ۋاجىپ قىلدى.

بۇ مەسلىدە ئەقىل ۋەھىيگە ماسلاشتى، ئاندىن ئىلاھقا ۋاجىپ بولغان كامالەت تەپسىلى بايان قىلىندى. { ئۇ پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتتى، ئۇلارنى بىجىرىم ياراتتى ( يەنى

چىرايلىق ۋە مۇناسىپ شەكىلدە) قىلدى. مەخلۇقاتقا پايدىلىق ئىشلارنى تەقدىر قىلدى، ئۇلارغا پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسەتتى}،( سۈرە ئەئلا- 2~3- ئايەت).

كەڭرى ئىلىمنىڭ، تولۇق ئىرادىنىڭ ۋە كامىل قۇدرەتنىڭ سۈپەتلىرى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس. ئۇ خالىغان نەرسىلەرنى قىلالايدۇ. قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى بىلىدۇ. "بىلىش" ئىمان كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ.

قازايى قەدەر ئەقىدىسى مۇشۇ سۈپەتلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان، تەقدىرگە ئىشىنىش ئاللاھقا بولغان ئىماننى تولۇقلىغۇچى قىسىمدۇر ۋە ئىماننىڭ ئوچۇق ھەقىقەتلىرىدىن بولغان ئاساسدۇر.

شۇنداق، ئاللاھنىڭ ئىلمى ھەممە نەرسىدىن كەڭرىدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىدىن تولۇق خەۋەردار‌دۇر.

ئاللاھنىڭ ئىلمى ماكانلار ھەر خىل، زامانلار خىلمۇ- خىل بولسىمۇ ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھېچقانداق بىر شەيئى ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن( بىلىشىدىن) قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ھايات ساھەسىدىكى ياخشىلىق، يامانلىق، ئۈمىد، قورقۇش، خۇشاللىق ۋە قايغۇدىن ئىبارەت ھايات كۆرۈنىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىلاھى ئىلىم( بىلىش) ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن ئۆزلەشتۈرگەن.

ئاللاھ:{ ئاسمان- زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ نەرسە بولسۇن، ھېچقايسىسى ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن چەتتە قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى

لەۋھۇلمەھپــۇزدا خاتىرلەنگەنــدۇر، (ســۈرە يۇنــۇس-61-ئايەت).

دىن دۈشمەنلىرى ئىسلام ئەقىدىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئــۇ ھەقــتە ھەر تۈرلــۈك شــەكلەرنى تاشــلاپ، مۇســۇلمانلارنىڭ بۇگۈنكــــدەك ئەھۋالغـــا كىلىـــپ قېلىـــشى تەقـــدىرگە ئـــــــــشەنگەنلىكتىن بولغـــــــان دەپ ھەقىقەتنـــــــــى سەتلەشتۈرۈپتــــشكە ئۇرۇنـــۇپ كەلـــدى. ئەمەلىيەتـــتە مۇســۇلمانلارنىڭ بۇگۈنكــدەك ئەھۋالغــا كىلــپ قېلــشىغا تەقــدىرگە ئــشىنىش سەــۋەپچى بولغــان ئەمەس، بەلكــى مۇســـــۇلمانلارنىڭ تەقـــــدىر مەسىلـــــسىنى تـــــوغرا چۈشۈنەلمەسلىكى، ئۆز يولىدا توغرا مۇئامىلە قىلالماســلىقى،

دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرەلمەسلىكى ۋە دىنىغا ئەمەل قىلماسلىقى سەۋەپ بولغان.

ئەپسۇسلىنارلىق تەرىپى ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار ئۆزىدىكى ئىللەت، كىسەل ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى بىلمەي يۈرۈيدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىۋاتقان ناچار قىلىقلىرىغا تەقدىر مەسىلىسىنى بانا كۆرسىتىپ، مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا ئۇرۇنماقتا.

بىر كۈنى بىر كىشى بىر ئالىم كىشىدىن ئىنسان ئىختىيارىمۇ ياكى ئىختىيارسىزمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. ئالىم كىشى، ئىنسان ئىككى خىل بولىدۇ: بىر تۈرى شەرىقتە، يەنە بىر تۈرى غەرىپتە ياشايدۇ، بىرىنچى تۈرىدىكى ئىنسان

ئىختىيارسىز، يەنە بىرسى ئىختىيارى ھۆر ئىنساندۇر دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ. ھېلىق سۇئال سورىغان كىشى بۇ جاۋاپنى چۈشىنەلمەي بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ مەن ئۆزلىرىدىن ئىنساندا ئەركىن ئىرادە، مۇستەقىل قۇدرەت بارمۇ؟ ئىنسان ئىرادە ۋە قۇدرىتى بىلەن خالىغان نەرسىلەرنى قىلالامدۇ ياكى بىر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنامدۇ؟ دەپ سوراۋاتىمەن دەپتۇ. ئالىم كىشى :"مەن ساڭا غەربتىكى ئىنسان مۇستەقىل، شەرقتىكى ئىنسان مۇستەملىكىگە قالغان دەپ جاۋاپ بەردىمغۇ دەپتۇ.

چۈنكى غەربتىكى ئىنساندا ئىرادە ۋە ئىقتىدار قۇدرەت تېپىلىدۇ، شەرقتىكى ئىنساندا ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھېچ بىرسى تېپىلمايدۇ!.

غەرىپلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل ئەقلى بارلىقىنى ھىس قىلىپ، ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ ئاجايىپ نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىپ چىقتى، نۇرغۇن ئىجادىيەتلەرنى ياراتتى، ئىرادىسى بارلىقىنى ھىس قىلىپ، قەتئىي ئىرادە باغلاپ باشقا مىللەتلەرنى ئۆز مەنپەئەتىگە بويسۇندۇردى. ئىقتىدار ۋە قۇدرىتى بارلىقىنى ھىس قىلىپ شەرىق ۋە غەرىپنى كىزىپ ئاجايىپ نەرسىلەرنى ياساپ چىقتى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ھەسسە قوشتى.

ئەمما بىزچۇ، ھازىرغىچە ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەركىن ئەقلى بارمۇ؟ ئىرادە باغلىيالايدىغان

ئىرادىسى بارمۇ؟ ھەركەتلىنەلەيدىغان كۈچ قۇدرىتى بارمۇ؟ دەپ سوراپ يۈرىمىز.

ھازىر شەرق ئەللىرىدىكى ئىنسان ئەركىن ۋە ئىختىيارى بولغان غەرپ ئەللىرىدىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىختىيارسىزلانماقتا. ئىككى خىل تۈر تۈردىكى ئىنسانىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق نېمە دېگەن يىراق ھە!.

غەرب ئەللىرىدىكى ئىنسان ھايات دولقۇنىغا دۈچ كىلىپ، ئۆزەلەيدىغان ئەزالىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ھايات دولقۇنى بىلەن ماسلىشىپ قىرغاقتا يەتتى!

ئەمما شەرق ئەللىرىدىكى ئىنسان ھايات دولقۇنلىرى قاينىمىدا ئۆز ئۆزىدىن: مەن ھەقىقەتەن تىرىكمۇ ياكى سۆكۈتلۈكتا چۆمگەن جەسەتمۇ؟ دەپ سوراپ ئولتۇرماقتا.

شۇنى بىلىش كېرەككى ھايات دولقۇنى بۇ قۇرۇق سەپسەتىنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ. ئۇنداق كىشلەرنى ھايات دېڭىزى يەپ كېتىدۇ.

مەن ئىختىيارى ھۆرمۇ ياكى ئىختىيارسىز مەجبۇرمۇ؟ دەپ يۈرمەي، ئاللاھ ساڭا ئاتا قىلغان ئىقتىدارنى غەنىمەت بىلگىن، ھاياتلىقتا سىنىڭ ھەقىقى ھوقۇقىڭنىڭ بارلىقنى، شۇنداقلا سىنىڭ ئۈستىڭدە ھاياتنىڭ ھوقۇقىنىڭ بارلىقنى ھىس قىلغىن! ئۇمىدسىزلەنمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ ئۆتكۈر ئىرادە بىلەن قەدەم تاشلىغىن!

دىن ۋە دۇنياغا تولا يالغان سۆزلىمىگىن!

بۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئىسلام ئوغلانىلىرىنىڭ دىنىنى توغرا چۈشۈنۈشىنى، شۇ ئارقىلىق خىزمەت ۋە ئەمەلگە

ئاتلىنىشنى ئۈمىد قىلمەن. تەقدىرگە ئىشىنىش ئەقىدىسى

ھەر قانداق شارائىتتا ـقورقماستىن ـئاللاھنىڭ كائىناتتىكى

قانۇنىغا رىئايە قىلغان، ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى تولۇق

قوللانغان ھالەتتە ئەمەل قىلىشقا ئىتتىرىدۇ. شۇنى بىلىش

كېرەككى، ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەتىجىلەرگە سەۋەپسىز

يەتكىلى بولمايدۇ. سەۋەپسىز نەتىجىگە ئېرىشكىلى

بولماسلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىشلىرىدا ئوخشاشلا

بىردەكتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئاللاھنىڭ قانۇنى بىردۇر.

بۇ توغرىدا ئاللاھ مۇندىق دەيدۇ: { ھەر قانداق بىر قەۋم

ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ

ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ}،( سۈرە رەئدە ـ 11ـ ئايەت).

## تەقدىرگە ئىشىنىش

تەقــدىرگە ئىمــان كەلتــۈرۈش ئىمانىنــىڭ ئاساســى ۋە

ئىــدئولوگىيەنىڭ مەركــىزى ھــساپلىنىدۇ. تەقــدىرنىڭ

مەنـــسى : كائىنـــات ۋە كائىنـــاتتىكى بـــارلىق شـــەيئىلەر تەخمـــنەن ھەرىـــكەت قىلمايـــدۇ، كائىناتتـــا بـــرەر ئـــش تاســادىپى يــاكى ئەھمىيەتــسىز پەيــدا بولــۇپ قالمايــدۇ. ئاللاھنىـــڭ ئىلمـــى، ئـــشلار يـــۈز بىرىـــشتىن ئىلگـــرى بىلەلەيدىغان ئەزەلى بىلىشدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ ئىشلارنىڭ زامـــانى، ئـــورنى، مىقـــدارى، شـــەكلى، خۇسۇســـيەتلىرى، سۈپەتلىرى ۋە ئەھۋالىنى تەقدىر قىلـدى. ئـۇ ئـشلارنىڭ ( يەنـــى كائىناتتـــا يـــۈز بىرىـــدىغان ئـــشلارنى) يېزىـــپ خاتىرلىدى، ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالمـدى. ئـۇ ئـــشلار ئاللاھنىـــڭ ئىرادىـــسى ۋە قـــۇدرتى بـــلەن ئـــاللاھ تەقدىر قىلغان شەكىلدە يۈز بىرىدۇ ياكى پەيدا بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: { بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق }،( سۈرە قەمەر- 49- ئايەت).

يەنە: { ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە)ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى}، ( سۈرە فۇرقان- 2- ئايەت).

ئاللاھ تائالانىڭ بىر نەرسىنى تەقدىر قىلىشىنىڭ مەنىسى، تۆت ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

<u>بىرىنچى</u>: ئاللاھ تائالا ئىشلارنى پەيدا بولۇشتىن ياكى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ھېچقانداق بىر نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئاللاھ ئىشلارنى سادىر بولۇشتىن ئىلگىرى، قانداق سادىر بولىدىغانلىقى، قاچان ۋە قەيەردە سادىر بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئاللاھ مۇنـداق دەيـدۇ: { ئاسـمان ـ زېمىنـدىكى زەررە چاغلىق نەرسە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىـك يـاكى چـوڭ نەرسـە بولـسۇن، ھېچقايىســـى ئاللاھنىــڭ بىلىــشىدىن چەتـــتە قالمايـــدۇ. ئۇلارنىــــڭ ھەممىــــسى لەۋھۇلمەھپـــۇزدا خاتىرىلەنگەندۇر}، ( سۈرە يۇنۇس ـ 61ـ ئايەت).

يەنە: { قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ( دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ بىلمەيدىغان بىرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى( ئاللاھغا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغاندۇر}، ( سۈرە ئەنئام ـ 59ـ ئايەت).

ئاللاھ يـۈز بىرىــدۇ دەپ بىلــگەن نەرســە شەكــسىز يـۈز بىرىدۇ، يۈز بەرمەيدۇ دەپ بىلگەن نەرســە ھەرگــز ســادىر بولمايدۇ. خۇسۇســى سـۈپەت ۋە مـۇئەييەن شــارائىتتا يـۈز بىرىدۇ دەپ بىلگەن نەرسە شەكسىز ھالەتتە شۇ سـۈپەت ۋە شۇ شارائىتتا يۈز بىرىدۇ، مەخلۇقلار ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن بىــر نەرسىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس.

ئىككىنچى: كائىناتتا ســادىر بولــدىغان نەرســلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۆتكۈر خاھىشى ۋە ئىرادىــسى بىــلەن سادىر بولىدۇ. ئىش ھەرىكەت ئېلــىپ بارغــان يــاكى ســۆز قىلغان كىشى بۇ دائىرىدىن چىقىپ كىتەلمەيدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا: { ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئــۇلار بۇ ئىشنى قىلمايتتى}دەيدۇ،( سۈرە ئەنئام- 112- ئايەت).

يەنە: { ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلاردىن كېيىن كەلگەن ئۈممەتلەر ئۇلارغا روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى، لېكىن ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشتى، بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى، ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئىدى، ئۇلار ئۆز ئارا ئۇرۇشماس ئىدى.لېكىن ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ}دەيدۇ،( سۈرە بەقەرە- 253- ئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار: " ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ " دېگەن سۆزدە بىردەك ئىتتىپاقلاشتى.

ئـــۈچىنچى: كائىناتتـــا ھەر بىـــر نەرســـە ئاللاھنىـــڭ

مەخلۇقىدۇر، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىــڭ تەســرىدۇر، يــارىتىش

ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ شرىكى يوق.

تــۆتىنچى: ئـــاللاھ تائـــالا كائىناتتـــا يـــۈز بېرىـــدىغان

ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قەدىمدىن تارتىپ " لەۋھۇلمەھپــۇز

" دىن ئىبارەت قېشىدىكى بىر كىتاپقا خاتىرلىدى.

ئاللاھ قۇرئاندا: { يەر يۈزىــدىكى بــارلىق ھادىــسلەر ۋە

ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن

لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ( ئىش) شۈبھىسىزكى، ئاللاھقــا

ئاساندۇر}دەيدۇ، ( سۈرە ھەدىد- 22- ئايەت).

يەنە: { ئېيىتقىنكى، " بىزگە ئاللاھنىڭ تەقــدىر قىلغــان

نەرسە يېتىدۇ"}،( سۈرە تەۋبە- 51- ئايەت).

**پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: " بلسپ قويغنكى، ئەگەر ئۆممەت ساڭا بىر نەرسنى پايدا يەتكۆزمەكچى بولسا، ئاللاھ تەقدىر قىلمسا پايدا يەتكۆزەلمەيدۇ. ساڭا زىيان سالماقچى بولسا، ئاللاھ تەقدىر قىلمسا زىيان يەتكۆزەلمەيدۇ" دېگەن .**

**تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىك ئىلاھى كامالەتنىڭ**

**تەقەززاسىغا ئىمان كەلتۈرۈشتۇر**

**ئىسلام دىنى ئىلىپ كەلگەن تەقدىرگە ئىشىنىش مەسلىسى بەخت تەلەيگە ياكى تاسادىپىلىققا ئىشىنىش**

ئەمەس، ئۇ ئىلاھى كامالەتنىڭ تەقەززاسىغا ئىشىنىشتۇر، ئىسلام ئەقىدىسى ئىلاھى كامالەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئالاھىدە بولغان.

ئىسلام ئەقىدىسى ئىلاھلىق مەسىلىسىدىكى پەلسەپىلەرنىڭ خىياللىرى ۋە دىنلارنىڭ بۇرۇلۇشىنى تۈزلىدى. ئىسلام دىنىدىكى ئىلاھ "ئارىستو"نىڭ ئىلاھىغا ئوخشاش كائىناتتا يۈز بىرىۋاتقان ئىشلاردىن بىر تەرەپتە تۇرىدىغان، ئۇ ئىشلارنى بىلمەي قالىدىغان ۋە ئۆز تەدبىرى بىلەن ئارلاشمايدىغان ئىلاھ ئەمەس.

" ئارىستونىڭ ئىلاھى " ئۆزىدىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدۇ، كائىناتتا يۈز بىرىۋاتقان ئىشلاردىن پەقەتلا

خەۋرى يوق، كائىنـاتتىكى ئىـشلار بىـلەن ئالاقىـسى يـوق ئىلاھتۇر، " ئافلاتۇننىڭ ئىلاھى" ئۆزىنى بىلمەي قالىدۇ!.

ئىـــسلامدىكى ئىـــلاھ " مەجۇســــىلارنىڭ ئىلاھىغــــا" ئوخشمايدۇ، مەجۇسىلارنىڭ ئىلاھـى ياخـشىلىق ۋە نۇرغـا ئالاقىدار بولغان كائىناتنىڭ يېرىمىنـى باشـقۇرىدۇ، ئەممـا يامانلىق ئىلاھى ۋە قاراڭغۇلۇق تەرپىگە ئالاقىـدار بولغـان قالغان يېرىمنى باشقا ئىلاھ باشقۇرىدۇ.

مەجۇســىلارنىڭ دىنىــدا ئىككــى ئىــلاھ بولىــدۇ: بىرســى ياخــشىلىق ۋە نــۇر ئىلاھــى، يەنە بىرىــسى يامــانلىق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىلاھىدۇر. ئۇ ئىككى ئىلاھىنىڭ ئارىسىدا ئاخىردا ياخشىلىق ئىلاھى غەلىبە قىلغانغا قەدەر ئۇرۇش يـۈز بېرىــپ تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ئىلاھ " گىرىتسىيەلىكلەرنىڭ ئىلاھى" غا ئوخشاش قالايمىقان ئىش قىلىدىغان ، ئىنسانىيەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ياشايدىغان ئىلاھ ئەمەس.

شۇنداقلا " بەنى ئىسرائىل( يەھۇدىلار)"نىڭ ئىلاھىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ بۇرمىلىنىپ كەتكەن تەۋراتى، ئەپسانىللىرى، ئۇ ئىلاھنى ئىنتىقام ئالغۇچى، ۋەيران قىلغۇچى، ئىسرائىل مىللىتىگە مۇتئەسسىپلىك قىلغۇچى، ئىنسانىنىڭ ئابى ھاياتى دەرخىنى يەپ كىتىشىدىن ئەنسىرىگۈچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ ئىلاھ بەزى ۋاقىتلاردا قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىدۇ، ئىنسان بىلەن قارشىلىشىپ تەڭ مەيداندا تۇرالمايدۇ!.

ھەر خىل پەلسەپىلەر ۋە دىنلار تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان ئاللاھ ئىسلام دىنىدىكى ئاللاھ ئەمەس، ئىسلام دىنىدىكى ئاللاھ ھەممە نەرسىلەرنىڭ پادىشاھى، يارىتىش ۋە بۇيرۇش ساالاھىيىتىگە ئىگە زات، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى، ھەممە ئىشلارنى كونترول قىلغۇچى زاتتۇر. ھېچ قانداق بىر نەرسە ئۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كىتەلمەيدۇ، ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچقانداق بىر نەرسە ئۇ زاتقا مەخپىي بولۇپ قالمايدۇ.

ئۇ ئاللاھ ناھايىتى سېخى، ئادىل، مېھرىبان، رەھىمدىل، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر. ئۇ

ئىلاھ ھېچ بىر مەخلۇققا زۇلۇم قىلمايدۇ، بىر ئىنساننى باشقىلارنىڭ جىنايىتى بىلەن جازالىمايدۇ، بىر ئادەمنىڭ قىلغان ئىش ھەققىنى كېمەيتىپ قويمايدۇ ۋە زايا قىلىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا خاتالىقسىز جازالىمايدۇ، ياخشىلىقنىڭ ئەجرىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ بەلكى ئەجرىنى ھەسسىلەپ بېرىدۇ.

كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلاھنىڭ تەقدىرى، كونتروللىقى، ئىرادىسى، بىلىشى ۋە ھېكمەت تەقەززاسى بىلەن بولىدۇ، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. تاسادىپىيلىققا ئىشىنىش ياكى بەخت تەلەيگە ئىشىنىش تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرگەنلىك بولمايدۇ.

تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەن ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكى، ئىرادىسىنىڭ ئومۇملۇقى، قۇدرىتىنىڭ كەڭرلىكى، كائىناتتىكى ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ ئىلاھى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتۇر. كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ياكى سادىر بولۇۋاتقان ئىشلار ئىلگىرىكى پىلان، قەدىمقى تەدبىر، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن غالىب زاتنىڭ تەقدىر قىلىشىغا بىنائەن بولىدۇ.

## تەقدىرنىڭ مەيدانلىرى

**<u>تەقدىرنىڭ مەيدانلىرى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:</u>**

**كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار:**

بىرىنچـى: ئوربىتىلارنىـڭ ئايلىنىـشى، سـەييارىلارنىڭ

ھەركىتى، شامالنىڭ يۆنىلىشى، بۇلۇتلارنىڭ تېز سۈرئەتتە

ھەرىـكەت قىلىـشى، يامغۇرنىـڭ چۈشـشى، كـېچە ـ

كۈندۈزنىڭ ئالمىششى، زەررە چاغلىق نەرسىدىن تارتىپ

ئالەم بوشلۇقىدىكى قوياش سىستېمىسىغا قەدەر خىلمۇ ـ خىل

ئۆسۈملۈك ۋە جانىسىز نەرسىلەردە يـۈز بېرىـدىغان ئومـۇمى

كائىنات نىزامىغا ئالاقىدار.

بـۇ نەرسـىلەرنىڭ يوقـۇرىـقى ـ تۆۋەنـدىكى، بـىز

كۆرەلەيـدىغىنى يـاكى كۆرەلمەيـدىغىنىنىڭ ھەممىـسى

ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، بۇ نەرسـىلەر ئاللاھنىـڭ

ئىلمىدىن سىرتتقى شەيئىلەر ئەمەس. ئاللاھنىـڭ تەقـدىرى

ۋە ئىرادىسىدىن چىقىپ كىتەلمەيدۇ، بــۇ نەرســلەر ئــاللاھ تەقدىر قىلغان قانۇن ـ نىزام بويىچە ماڭىدۇ.

يۇقــارقى نەرســلەردىن تەقــدىرنىڭ تــۆت دەرجــسى ئايرىلمايدۇ: (بىلىش، يېزىش، ئىرادە، تەقدىر).

تەقدىرنىڭ بۇ تۆت دەرجىگە ھېچقانــداق بىــر مەخلــۇق ئارلىشالمايدۇ ياكى ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھــسالامنىڭ بالــسى ئىبــراھىم ئۆلــۈپ كەتكەن كۈنى قۇياش ئۇتتۇتۇتۇت تۇتۇلــۇپ قالــدۇ، بەزى كىشلەر بۇ ھادىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بالــسى ئۆلــۈپ كەتكەنلىكــى ئۈچــۈن قويــاش تۇتۇلــۇپ قالــدى دىيىشىدۇ، شــۇنىڭ بىــلەن پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام بــۇ خىيالنى ئىنكار قىلىپ: " قويــاش بىــلەن ئــاي ئاللاھنىــڭ

قۇدرەتلىرىنىڭ قاتارىدىنــدۇر، ئــۇ بىــر ئادەمنىــڭ ئۆلــۈپ قالغانلىقى يــاكى تىرىلــىپ قالغــانلىقى ئۈچــۈن تۇتۇلــۇپ قالمايدۇ " دېگەندى.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا :{ كۈن بەلگىلەنگەن جايغا قاراپ سەيىر قىلىدۇ، بــۇ غالىــب، ھەممىنــى بىلگــۈچى ئاللاھنىــڭ ئالدىنئالا بەلگىلىگەن ئىشىدۇر، ئايغــا سـەيىر قىلىــدىغان مەنزىللەرنى بەلگىلىدۇق، ئۇ (ئاخىرقى مەنــزىلىگە يېتىــپ بارغاندا) خورمىنىڭ قۇرۇپ قالغان شېخىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. كۈننىڭ ئايغا يېتىشىۋېلىــشى( يەنــى ئىككىــسىنىڭ جەم بولۇپ قېلىشى)، كېچىنىڭ كۈندۈزدىن ئېشىپ كېتىشى( يەنــى ۋاقتــى كەلمەســتىن كۈنــدۈزنىڭ ئــورنىنى ئېلىــشى)

مـــــۇمكىن ئەمەس، ھەر بىــــرى پەلەكــــتە ئــــۈزۈپ يۈرىدۇ}دەيدۇ،( سۈرە ياسىن- 37~40- ئايەت).

بۇ چوڭ پىلانىــتلار ئاللاھنىــڭ ئىرادىــسىگە بويىــسۇنىدۇ، ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، بۇ پىلانىتلارنىــڭ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى ۋە ئىرادىسىگە بويىسۇنىشى ئاللاھنىڭ بۇ سـۆزىدە ئىپادىلىنىــدۇ. ئــاللاھ مۇنــداق دەيــدۇ: { يەتــتە ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقــاتلار ئــاللاھنى پــاك دەپ بىلىدۇ، ( كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمــسۇن، ئــاللاھنى پــاك دەپ مەدھىيلەيــدۇ( يەنــى ئاللاھنىــڭ ئۇلۇغلىقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سـىلەر ( تىلىڭــلار ئوخــشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيــسىنى سەزمەيــسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن( بەندىللىرىگە ھەلىمدۇر( يەنى ئاسىيلىق

قىلغـــانلارنى جازالاشـــقا ئالـــدىراپ كەتمەيـــدۇ)،( تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر}، ( سۈرە تەۋبە ـ 44ـ ئايەت).

## يارتىلىشىمىز ۋە ھاياتىمىزدىكى بىز ئارىلىشالمايدىغان مەيدان:

ئىككىنچى : ئىنسانلارغا ئالاقىـدار بولغـان مەيدانـدۇر؛ نېمە ئۈچۈن يارتىلـدۇق؟ نـېمە ئۈچـۈن ئىنـسان سۈپىتىدە يارتىلدۇق؟ نېمە ئۈچۈن بىرسى ئەر يەنە بىرسى قىـز قىلىـپ يارتىلـدۇق؟ نـېمە ئۈچـۈن بـۇ ئۈيغـۇردىن ئـۇ ئەرەپـتىن يارتىلدى؟ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇ باشقا ئورۇندا ۋە باشـقا

ۋاقتتا يارتىلدى؟ نېمە ئۆچۈن بۇنىڭ رەڭگى ئاق يەنە بىرسىنىڭ قارا؟ نېمە ئۆچۈن بۇ زېرەك يەنە بىرسى گالۋاڭ؟ نېمە ئۆچۈن بۇنىڭ قەددى قامىتى ئۇزۇن ئۇنىڭ پاكار؟ نېمە ئۆچۈن بۇ 100 يىل ئۆمۈر كۆردى، يەنە بىرسى ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى دېگەن ساھەدە ئىنسانلارنىڭ ھېچقانداق ئىرادىسى ياكى ئىختىيارلىقى بولمايدۇ!.

بۇ سۇئاللارغا ئىلاھى ئىرادە ۋە ئىلاھى تەقدىردىن باشقا جاۋاپ يوق. ئاللاھ تائالا تەقدىر قىلىدۇ، خاس قىلىدۇ، تاللايدۇ ۋە ئىرادە قىلىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئاللاھ ( مەخلۇقاتىدىن) خالىغىنىنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمنى ( پەيغەمبەرلىككە) تاللايدۇ،

تاللاش ھوقۇقى ئۇلاردا ئەمەس} دەيدۇ،( سۈرە قەسەس- 68- ئايەت).

يەنە: { ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھغا خاستۇر، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا ئوغۇل، قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ، خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر}دەيدۇ،( سۈرە شۇرا- 44- ئايەت).

يەنە:{ ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھغا ئاساندۇر}دەيدۇ، ( سۈرە فاتىر- 11- ئايەت).

يوقۇرىدا بايان قىلىنغان بۇ ئىشلاردا بىزدە ھېچقانداق ئىختىيارلىق يوق، مەجبۇرى ھالەتتە ماڭىمىز، بۇ ئىشلاردا تەقدىر تۆت دەرجىسى بىلەن بىرگە ھەمرا بولىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ بىرسىدە بىز مەسئۇل ئەمەس، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە سوراققا تارتىلمايمىز، زېرەك، دۆت، ئاق تەنلىك، قارا تەنلىك، بويىمىزنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولىشى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرشىمىز ياكى قىسقا مۇددەت ئۆمۈر كۆرشىمىز، ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ كىم بولىشى ۋە قەيەرە تۇغۇلىشىمىزدىن ھىساپ بەرمەيمىز.

بۇ مەسىلىلەردە ئاللارھنىڭ تەقدىرىگە رازى بولىشىمىز، ئاللاھ تەقدىر قىلغان ئىشلاردا بىزگە بەزىسى كۆرۈنۈپ،

يەنە بەزىسى كۆرۈنمەيدىغان ھىكمەت بار دەپ ئىشىنىمىز لازىم.

تارىختىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەقدىرگە ئىشىنىپ ئاجايىپ ئىشلارنى قىلالىغان، مۆجىزە خاراكتىرلىك ئىجادىيەتلەرنى يارىتالىغان ئىدى.

## ئىختىيارى ئىشلىرىمىز:

ئۈچىنچى: ئىختىيارى ئىشلار مەيدانى؛ مۇباھ ۋە ئىتائەت ئىشلاردىن: يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ناماز ئوقۇش، رامىزان تۇتۇش، جىھاد قىلىش، زاكات بېرىش، ئاللاھنى ئەسلەش، گۇناھ ئىشلاردىن: ئوغۇرلۇق قىلىش،

پاهشه قىلىش، هاراق ئىچىش، جازانە بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئوخشاش ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە ئەركىن ئىرادە، ئىختىيارلىق ۋە ئىقتىدارنى ھېس قىلىدىغان ئىشلار.

دېمەك ئىنسان ئۆز كۆڭلىدە ئەركىنلىك ۋە ئىختىيارلىقنى ھېس قىلىدىغان مەيدانلار ئىختىيارى مەيدانلار قاتارىدىن ھېساپلىنىدۇ. بۇ مەيدانىمۇ ناھايىتى كەڭرىدۇر.

سىز بۇ ئىختىيارى مەيداندا قانداق ھەرىكەت قىلىسىڭىز بولىدۇ، توغرا يولدا ماڭامسىز ياكى خاتا يولدا ماڭامسىز ئۇ سىزدىكى ئىختىيار.

بۇ مەيدان چەمبەرچەس يۇملاق دائىرىگە ئوخشايدۇ، بۇ مەيداندا قانداق قەدەم تاشلىسىڭىز سىز ھۆر. ئىنسانغا

بىرىلگەن بۇ ھۆرلـۈك مەيدانــدا مەجبـۇرلاش دەيــدىغان ئىشلار قەتئى يۈز بەرمەيدۇ.

ئۆزىمىزدە ئىختىيارلىق ۋە قۇدرەتنى ھىس قىلىشۋاتقـان بـۇ ئىــشلار ئاللاھنىــڭ بىلىــشى، ئىلگىــرى يېزىــپ قويۇشــى، ئىرادىسى ۋە ئۆتكۈر قۇدرىتى بىلەن بولامدۇ؟

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ بـۇ ئىــشلارنى ســادىر بولۇشــتىن ئىلگىرى بىلىشى، ئـۇنى لەۋھۇلمەھپـۇزدا يېزىــپ قويىــشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلە.

بىــر پىكىــرگە كىلەلمىــگەن مەســىلە: ئىنــسانلارنىڭ قىلىشۋاتقــان ئىــشلىرى ئىنــسانلارنىڭ ئــۆز ئىرادىــسى ۋە قۇدرىتى بىــلەن بولامــدۇ؟ يــاكى ئاللاھنىــڭ ئىرادىــسى ۋە قۇدرىتى بىــلەن بولامــدۇ؟ يــاكى ئــاللاھ بىــلەن ئىنــسانلار

ئارسدا ئورتاق بولامدۇ؟ پەرۋەردىگارغا ئالاقىدار تەرىپى قايسى؟ ئىنسانلارغا ئالاقىدار تەرىپى قايسى؟

باشقىچە ئۇقۇم بىلەن ئېيتقاندا: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئىتائەت ۋە گۇناھ بولۇشىنى ئىرادە قىلامدۇ؟ ئىنسانلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئاللاھ ياراتتىمۇ؟ ياكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىختىيارى بىلەن ياراتتىمۇ؟.

## ئىختىيارلىق بىلەن مەجبۇرى ئارىسىدىكى ئىنسان

ئىنسان قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا ئىختىيارىمۇ ياكى مەجبۇرمۇ؟ دېگەن سوئال توغرىسىدا پەلسەپىچىلەر ۋە دىنىلارنىڭ كۆز قارىشى خىلمۇ- خىل بولماقتا.

بۇ سوئال پەلسەپە ياكى دىن ساھەسىدە ئىنسانىنى ھەيرەتكە سالماقتا، ئىزدەنگۈچىلەرنى ئىككىلەندۈرمەكتە، ھەر ساھەدىكى كىشىلەرنى بۇگۈنگە قەدەر مەشغۇل قىلماقتا.

پەلسەپىچىلەرنىڭ بەزىسى: ئىنسان تامامەن ئەركىن، ھەممە ئىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ دەپ جاۋاپ بەردى.

يەنە بەزىسى: ئىنسان قىلىدىغان ئىشلىرىنى تاللاشقا مەجبۇر دەپ جاۋاپ بەردى

يەنە بەزىسى: ئىنسان ھەر ئىككىلى ساھەدە تۇرۇپ ھايات كەچۈرىدۇ دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بۇ ئىختىلاپنىڭ ساداسى بۇ مەسلىگە چوڭككەن ئىسلامى گورۇھلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ گورۇھلارنىڭ ئىچىدە چېكىدىن ئاشقۇرۇۋەتكەنلىرى، بىخەستەلىك قىلغانلار ۋە نورمال يول تۇتقانلىرى تېپىلىدۇ.

## مۇئتەزىلە گورۇھى تەقدىرنى ئىسپاتلاشتا بىخەستەلىك قىلدى:

بىخەستەلىك قىلغانلار ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى ۋە ئۆلارنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان ۋە

ياراتقان دىگەن دائىرىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. ئۇلار: ئاللاھ تائالا ئازغانلارنىڭ ئىزىپ كىتىشىنى، خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ خاتالىقنى خاھلىمىدى. خاتالىقلارنى ياراتمىدى، بەلكى تېخى بەندىلەرنىڭ ئىختىيارى ئىشلىرىدىن ھېچ بىرسىنى ياراتمىدى دەپ قاراپ، ئىنسانىنى ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى ياراتىدىغان، ئۆز ئىرادىسى بىلەنلا بىر تەرەپ قىلىدىغان ۋە ئۇ ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە يارىتىشى بولمايدىغان بىر ھالەتكە ئېكىلىپ قويدى.

ئۇنداقتا بۇ گورۇھنىڭ نەزىرىدە ئىنساننىڭ قىلغان ياخشى ۋە يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسان تەرىپىدىن يارىتىلغان، خالىس ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن بولغان بولىدۇ.

بۇلار مۇئتەزىلە گورۇپپىسىدىكىلەر بولۇپ، بۇلارغا : " تەقدىرچىلەر " دېگەن نام بېرىلگەن.

## <u>ئىنسانلاردا ئىختىيارلىق يوق دېگۈچىلەر:</u>

بىخەستەلىك قىلغانلارنىڭ مۇقابىلىسىدە، چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بىر گورۇھ كىشىلەر مەيدانغا چىقتى. بۇلار ئىنساننىڭ ئىختىيارى ئىشلىرى، ئىختىيارى ئىشلىرىدىكى قۇدرىتىنى ۋە ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى ئىرادىسىنى ئىنكار قىلىشدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلغۇچى ۋە ئىرادە قىلغۇچى ئاللاھ دەپ قارايدۇ. ئەمما ئىنسان ئاللاھنىڭ

ئەشلىرى جارى بولىدىغان ئورۇندىن ئىبارەت دەپ قارىشىدۇ.

بۇلار؛ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى ۋە ئىختىيارى بولمايدۇ، ئىنسان مەجبۇرى قانۇن ئاستىدا ياشايدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسان قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ھېساپقا تارتىلمايدۇ، خاتا قىلمىشلىرىغا جازالانمايدۇ. بۇ خىل ئەقىدىدىكى كىشلەر پۈتۈن خاتالىقلىرىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويىدۇ، ئۆزىدە ھېچقانداق مەسلە يوقتەك ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

بۇلارنىڭ بەزىسى چېكىدىن ئېشىپ :" ئىنساننىڭ قىلمىشلىرى شامال چىققاندا ھەرىكەتلىنىدىغان دەرەخنىڭ ھەركىتىگە ئوخشايدۇ " دەپ سۆپەتلىگەن.

بۇ گورۇھتىكى كىشلەر ئېغىر دەرىجىدە خاتالاشقان. بۇخىل خاتا ئەقىدە مۇسۇلمانلارنى پايدىلىق بولغان جىددى خىزمەتلەردىن بوشاشتۇرۇپ قويىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سۇسلاشتى، ئەمەل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت قىلىش ساھەسىدە ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇقتا نەمۇنە قىلسا يارىغىدەك بىر باسقۇچقا بېرىپ يەتتى.

بۇ خىل خاتا كۆز قاراش مۇسۇلمانلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىشقا باشلاپ باردۇ.

**نورمال يول تۇتقۇچىلار:**

نورمال يول تۈتقۇچىلار " ئەھل سۈننە " كۆز قارشىدىكى كىشلەردۇر.ئۇلارنىڭ كۆز قارشى مۇنداق:

1- بىز ئەقىل ۋە ھسسى ئەزالىرىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىمىز. بىز ئىرادە ۋە ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ ئىختىيارى ئىشلارنى قىلالايمىز، ئۇلۇك تەرەپكە ھەركەتلەنمەكچى بولساق، بۇ ھەركىتىمىز سول تەرەپكە بولۇپ قالمايدۇ، نان يېيىشنى ئىرادە قىلساق توپا يەپ سالمايمىز، مەسچىتكە بارماقچى بولساق هاراقخانىغا بېرىپ قالمايمىز، بىز شوتىدىن چىقىۋاتقان كىشى بىلەن تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن كىشىنىڭ ھەركىتى ئارىسىدىكى پەرقنى بىلىمىز، بىرىنچىسى ( يەنى چىققۇچى) ھەركىتىدە ئىختىيارى، ئىككىنچىسى ئىختىيارى ئەمەس.

2ـ ئاللاھ تائالا بىزدە ئىرادە ۋە قۇدرەت دېگەن نەرسىنى ياراتتى، بىز ئۇ ئىككى نەرسە بىلەن ئىشلىرىمىزنى ئورۇندىيالايمىز، بىزدىكى ئىرادە ۋە قۇدرەت بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەسئۇلىيەتكە تارتىلىشىمىزنىڭ ئاساسى، مۇكاپات بىلەن جازا مۇشۇنىڭغا ئالاقىداردۇر.

3ـ يوقۇردا دېگىنىمىز، ئاللاھ تائالا ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچى، كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن يارتىلغان دېگەن سۆزگە زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنساننى، ئىنساندىكى كۈچ ـقۇۋۋەت، ماددى ۋە مەنىۋى سۈپەتلەرنى ياراتقۇچىدۇر.

ئىنساندىكى كـۈچ- قۇۋۋەتنىـڭ قاتارىـدىن: ئىـرادە ۋە قـۇدرەت، ئىنسـان بـۇ ئىككـى نەرسـە بىـلەن ئىختىيـارى ئىشلىرىنى پەيدا قىلالايدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىككى نەرسنى يارىتىشتىكى قانۇنىغا بىنائەن ئىشلارنى پەيـدا قىلىـشنىڭ سەۋەبى قىلىـپ بەلگىلىـدى. تولـۇق سـەۋەبنى يـاراتقۇچى زاتنىڭ سـەۋەپ ئـارقىلىق قىلىنغـان ئىـشلارنى يـاراتقۇچى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەگەر ئاللاھ ئۇ ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشـنى خالىمـسا ئـدى پەيـدا قىلغـۇچى سـەۋەبنى ياراتمىغان بولاتتى.

4- بۇ ئىتىبار بىـلەن ئىنسـان ئۆزىنىـڭ ئىـشلىرىنى ئـۆز ئىختىيارى، ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن پەيدا قىلغانـدەك، ئاللاھ ئىنسـانلارنىڭ ئىـشلىرىنى يـاراتقۇچى دىيەلەيمـز.

چۈنكى ئاللاھنىڭ قانۇنى نەرسىلەرنى سەۋەپ ۋە ۋاستىلار

ئارقىلىق يارىتىشتۇر، بۇ سەۋەپلەرنىڭ قاتارىدىن ئاللاھنىڭ

ئىنساندا ياراتقان قۇدرەت، ئىرادە ۋە ئىختىيارلىقىدۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ بايانى بۇ كۆز قاراشنى كۈچلاندۇرىدۇ:

1- قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف يۈز نەچچىلىگەن

بايانلىرىدا ئىشلارنى ئىنسانغا نىسبەت بەردى. " ئەمەل

قىلدۇ، ئىبادەت قىلدۇ، جىھاد قىلدۇ، ئىشىندۇ، كاپىر

بولدۇ، ئىسلاھ قىلدۇ، بۇزدۇ".

2- دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىققا ئېرىشىش ياكى دۇنيا-

ئاخىرەتتە جازاغا ئۇچراش ئىنساننىڭ قىلغان ئىشلىرىغا

مۇناسىۋەتلىك. نەتىجە سەۋەپكە ئالاقىدار.

ئەگەر ئىنسان ئىختىيارى ئىشلىرىنى ئۆزى قىلغۇچى بولمىسا ئاللاھ ئۇنى ھىساپقا تارتمايدۇ ۋە جازالىمايدۇ. كىم ئاللاھ تائالانى ئىنساننىڭ ئىرادىسى، قۇدرىتى ياكى تەسىرى يوق ئىشلاردا ئازاپلايدۇ دەپ گۇمان قىلسا خاتالاشقان بولىدۇ.

3ـ قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ تاللايدىغان، تەرجىھ قىلالايدىغان ئىرادىسى ( يەنى بىرسىنى يەنە بىرسىدىن كۈچلۈك دەپ قارايدىغان ئىرادىسى) ۋە ئىختىيارىنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا بىر ئىش قىلالايدىغان ۋە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىراق بۇ كۈچ ـقۇۋۋەت ۋە ئىرادە ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى

ۋە ئىرادىسىدىن ئېلىنغان، بۇ ئىككى نەرسە ئاللاھ تائالادىن مۇستەقىل ئەمەس.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: { (ئى مۇھەممەد!) "بۇ ھەق قۇرئان پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نازىل بولدۇ، خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كاپىر بولسۇن" دېگىن}دەيدۇ، ( سۈرە كەھف۔ 29۔ ئايەت).

يەنە: { ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى ( ئۆزىنىڭ نېمىتىگە ) شۈكۈر قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ ياراتتى}،( سۈرە فۇرقان۔ 62۔ ئايەت).

يەنە: { سىلەردىن( جەننەتكە) ئىلگىرلەشنى خالىغان كىشى ياكى ( دوزاختىن) چېكىنىشنى خالىغان ئادەمنى

ئاگاھلاندۇرغۇچىدۇر} دەيدۇ، ( سۈرە مۇدەسسىر. 37. ئايەت).

يەنە:{ پەقەت ئاللاھ خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر( يەنى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھىكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر}دەيدۇ،( سۈرە ئىنسان. 30 ـ ئايەت).

ئىنساننىڭ ئىرادىسى ۋە ئىختىيارلىقى بار، بىراق بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشىگە باغلىق. ئاللاھ ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى خالايدۇ ۋە ئىرادە قىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۇ ئىنساننىڭ ھۆر ۋە ئىرادە قىلغۇچى بولۇشىنى خالىدى. ھۆرلۈك ۋە ئىرادە قىلىش ئىنساننىڭ ئۆزىدىن

كەلــگەن نەرســەئەمەس، ئــاللاھ تەرپــدىن بېــرىلگەن پەزىلەتتۇر.

شۇنداقلا ئىنساندا كۈچ ـقۇۋۋەت ۋە ئىقتىــدار بــار، بۇمــۇ ئاللاھ تەرپــدىن كەلگەنــدۇر. ئــاللاھ قۇرئانــدا:{ ئــاللاھ سىلەرنى ئــاجىز يــاراتتى، ئانــدىن ســىلەرنى ئــاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلــدى، ئانــدىن (ســىلەرنى ) كۈچلــۈكتىن ئــاجىز قىلدى، ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى}دەيــدۇ، (ســۈرە رۇم ـ 54ـ ئايەت).

ئىنسان، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ بايانى تەسىۋرىلگەندەك ھۆر، ئىرادە قىلغــۇچى، تــاللاش ھوقۇقىغــا ئىــگە، ئىيجــابى ئىقتىدارى بار مەخلۇقتۇر. ئىنساننى كىم يارتــىپ، ئۇنىڭغــا شۇ ئىقتىدارلارنى كىم ئاتا قىلدى؟ كىم ئۇنىڭغــا تەپەككــۇر

قىلالايدىغان ئەقىلنى، تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىرادىنى ۋە ئىجرا قىلىدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاتا قىلدى؟ ئەگەر ئاللاھ خالىسا ھېچ بىر نەرسىنى بەرمىگەن بولاتتى.

مانا بۇ ئىسلام ئەقىدىسى، شەرىئىتى ۋە ئەخلاقى ئىنسان مەسىلىسىدە ئالاھىدە بولغان نورمال تەڭپۇڭلۇقتۇر. بەزى كىشىلەر خىيال قىلغاندەك، ئىنسان ئۆزى مۇستەقىل بىر ئىش قىلالمايدىغان تەسىرلىنىدىغان، تەسىرلىنىپ تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان سايمان ئەمەس.

شۇنداقلا خالىغان نەرسىنى يارىتالايدىغان، ئىرادە قىلغان نەرسىنى مۇتلەق قىلالايدىغان ئىلاھمۇ ئەمەس، ئۇ ھەرىكەتچان ئىيجابى مەخلۇق، ئاللاھ ئۇنى ھۆرمەتلىدى، ئۇنى زېمىندا خەلىپە قىلدى، ئۇنىڭغا كائىناتتا خوجايىن،

زېمندا خەلپە بولۇشى، زېمننى گۈللەندۈرۈشى، ئاسمان ۋە زېمندىكى نەرسلەردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن كىتەرلىك كۈچ- قۇۋۋەت ۋە ئىقتىدارلارنى ئاتا قىلدى.

بىراق ئاسمان زېمىندىكى ھەر بىر تال زەررە چاغلىق نەرسە ئاللاھنىڭ مەخلۇقىدۇر، ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى يىتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن قۇدرىتى بىلەن بولىدۇ، ئىنسان تاللىغان ۋە ئىرادە قىلغان نەرسە ئاللاھنىڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن بولىدۇ. ئىنسانىنىڭ قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدە، ئاللاھنىڭ كائىناتتا ئورناتقان قانۇنىيتىگە مۇۋاپىق ھالەتتە بولىدۇ.

ئىنسان بىر ئىش قىلىش سالاھىيتىگە ئىگە، ئەمەلىيەتتىمۇ

ئىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىختىيارلىقى ۋە كەسكىن ئىرادىسى

شۇنداقلا ياخشى كۈچ- قۇۋۋىتى بار.

ئاللاھ قۇرئاندا:{ خالىغان ئادەم پەرۋەردىگارىغا

يەتكۈزىدىغان يولنى تۇتسۇن}،( سۈرە مۇزەممىل- 19 -

ئايەت).

كىم ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ كۈچى

يەتمەيدىغان ئىشنى بۇيرۇدى دېسە، ئۇ ئادەم ئاللاھ ۋە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ.

***********

***ئىنساندا ئىختىيارلىق يوق دېگۈچىلەرنىڭ، ئىلاھنىڭ بىلىشىنىڭ ئىلگىرىلىكى توغرىسىدا گۇمانى كۆز قارىشى:

ئىنساندىن يۈز بېرىدىغان ياكى يۈز بەرمەيدىغان ئىشنى ئىلاھى بىلىشىنىڭ ئىلگىرى بولۇشى( يەنى ئاللاھنىڭ ئاللىبۇرۇن بىلىشى) ئىنساننىڭ ئىختىيارلىقىنى يوقتۇپ قويىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۆمەرنىڭ هاراق ئىچىدىغانلىقىنى بىلسە ئۇ شەكسىز هالەتتە هاراق ئىچىدۇ. ئۇنىڭ ئىچمەي قېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، بولمىسا " قەدىمى بىلىش" بىلمەسلىككە ئايلىنىپ قالىدۇ دېيىشىدۇ.

بۇ شەك بىرقانچە تەرەپتىن ئورۇنسىز:

1ـ ئاللاھ تائالا ئىشلارنى ئۆز هالىتى بويىچە بىلىدۇ. يەنى بىر ئىنساننىڭ بۇ گۇناهنى ئۆز ئىرادىسى ۋە

ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ ئىش ئاللاھنىڭ بىلىشىگە قارىتا يۈز بېرىدۇ.

2 ـ "بىلىش" پەقەتلا ئېچىپ بېرىدىغان سۈپەتتۇر. ـئۇ تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىل ئەمەس ـ تەسىر كۆرسەتكۈچى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە قۇدرىتىدۇر. " بىلىش" بولسا مەلۇماتلارنىڭ ھەقىقىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇ بىر نەرسىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆز ئەينى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەيىنەككە ئوخشايدۇ. " بىلىش" بىر نەرسىنى پەيدا قىلمايدۇ.

3ـ ئەگەر بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ياكى يۈز بەرمەسلىكىنى ئالدىنئالا بىلىش بىر ئىشنىڭ مەجبۇرى بولۇشىنى تەقەززا قىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالا

ئۆز ئىشلىرىغا مەجبۇرلانغۇچى بولۇپ قالاتتى. چۈنكى ھەر قانداق ئىش ئاللاھغا نىسبەتەن مەلۇمدۇر. بىراق ئاللاھ تائالا بارلىق ئىشلىرىدا ئىختىياردۇر.

" بىلىش" مەسىلىسىنى تۆۋەندىكى مىسالدىن چۈشىنىۋالساق بولىدۇ: ئەگەر بىر مۇئەللىم ئۆزىنىڭ شەخسى پىكىر خاتىرىسىغا ھەر بىر ئوقۇغۇچىسى توغۇرلۇق، ئۆمەر ئەلاچى بولىدۇ، پاتىمە بىرىنچى بولىدۇ، ئوسمان ئىككىنچى بولىدۇ، ئامىنەم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قېلىپ قالىدۇ دەپ مۇلاھىزە يېزىپ قويغان بولسا، ئاندىن دەرس يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەر بىر ئوقۇغۇچى مۇئەللىمى شەخسى پىكىر خاتىرىسىغا يېزىپ قويغان دەرىجە بويىچە نەتىجىگە ئېرىشىپ قالسا، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىمگە: سىز

شەخسى خاتىرىڭىزگە بىز توغۇرلۇق مۇلاھىزە ياكى نەتىجىمىزنى يېزىپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن بىز قېلىپ قالدۇق دەپ خاپا بولسا توغرا بولارمۇ؟ ئۇستازى يېزىپ قويغان بولسا ئۆزى ئۈچۈن يېزىپ قويدى، مۇئەللىمنىڭ يېزىپ قويغىنى ئوقۇغۇچىلىرىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مۇئەللىم پەقەت ئىلمىنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

*** يەنە بىر شەك:

ئەگەر ئىنسانىنىڭ ئىختىيارى ئىشلاردا ئىرادىسى بولىدىغان بولسا بۇ ئىرادىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

جاۋاپ: ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئىنسانىنىڭ كۈچ قۇۋۋىتى ئاللاھنىڭ قۇدرەت يارتىپ بېرىشى بىلەن بولىدۇ.

يوقارقى گېپىمىزگە رىئاللىق شاھىد بولالايدۇ. ئىنسان ئىختىيارى ئىشلىرىدا ئۆزىدە ئىرادىنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشنى قىلىشقا نىيەت قىلىدۇ، ئۇ ئىشلارنى دەسلەپتە ئويلايدۇ، نەتىجىسىنى ئەقلى بىلەن ئۆلچەيدۇ، ئاندىن كېيىن قىلىشقا ياكى قىلماسلىققا ئىرادە باغلايدۇ. ئەگەر قىلىشنى ئىرادە قىلىپ قالسا ئىختىيارى

هالەتتە قەدەم باسـدۇ، خالمـاي قالـسا بـۇ ئـشتن يـۈز ئۆرۈيدۇ.

شۇنداق تۇرۇغلۇق بەزىدە ئۆزى قىزىقىۋاتقان بىر ئىش توغۇرلۇق كۆڭلىدە ئۈشتۈمتۇت ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىپ، كۆز قارشىنى باشقا تەرەپكە بۇرايدۇ.

ئىنساننىڭ ئىرادىسىنى ئىنساننىڭ چەكلىك قۇدرىتى ۋە كەمتۈك تاقىتى دائىرىگە ئېلىپ تۇرىدۇ، ئىنسان قانچىلىغان نەرسىنى ئىرادە قىلىدۇ، ھەرىكەت قىلىدۇ، بىراق رىئاللىقتا ئاشماي قالىدۇ، قانچىلىغان نەرسىلەر ئىنسان ئويلىغاننىڭ ئەكسىچە يۈز بېرىدۇ. قانچىلىغان نەرسىلەر

ئىــرادە قىلمىــسمۇ يــۈز بېرىــدۇ. ئــۇ ياخــشى كۆرىــدىغان قانچىلىغان نەرسىلەر جاپا تارتمىسمۇ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.

دېمەك ئىنساندا خۇسۇسى ئىــرادە ۋە ئىختىيــارلىق بــار، بىراق ئۇ ئىرادە ۋە ئىختىيــارلىق ئاللاھنىــڭ ئىرادىــسىدىن ئايلىنىغان، ئىنساننىڭ ئىرادىــسى ئاللاھنىــڭ ئىرادىــسىدىن مۇســتەقىل ئەمەس. ئىلاھــى ئىــرادە بىــلەن ئىنــساننىڭ ئىرادىسى ئارىلىقىدا نۇرغۇن پەرق بار:

ئىنساننىڭ ئىرادىــسى مەخلــۇق، ئاللاھنىــڭ ئىرادىــسى ياراتقۇچى؛

ئىنساننىڭ ئىرادىسى ئەگەشكۈچى ئىرادە، ئاللاھنىڭ مۇستەقىل ئىرادە؛

ئىنساننىڭ چەكلىك ئىرادە، ئاللاھنىڭ مۇتلەق ئىرادە؛

ئىنسانىنىڭ كەمتۈك ئىرادە، ئاللاھنىڭ تولۇق ئىرادىدۇر.

## ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى

ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدە تەسىر كۆرسىتەلەمدۇ ياكى تەسىر كۆرسىتەلمەمدۇ؟

ئەگەر ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ دېيىلسە، ئۇ چاغدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىنسانىنىڭ قۇدرەتنى ئىسپاتلاپ قويۇش بىلەن شېرىك كەلتۈرۈش ھالىتى يۈز بېرىدۇ. ئەگەر ئىنسانىنىڭ قۇدرىتى تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ دېسەك ئىنسان ئىختىيارسىز مەجبۇرى

بولۇپ قالىدۇ دېگەن سۇئالدا كـۆپلىگەن كىـشىلەر ھەيـران بولۇپ تۇرىدۇ.

بىــز دەيمىزكـى: ئىــشىنىش يوقلـۇقتىن بارلىققـا كېلىــشى ئاللاھنىــڭ ئىنــساندا ئورۇنلاشــتۇرغان كــۈچ قۇدرىتىنىــڭ ۋاستىسى ئــارقىلىق يارىتىلغــان. يەنــى بــارلىق نەتىــجە ۋە مەخلـۇقلارنى سـەۋەپ ۋە ۋاسـتە ئـارقىلىق ياراتقانــدەك، ئىنــساندىكى كــۈچ- قــۇدرەت ئاللاھنىــڭ ئــۇ ئىــشنى يارىتىشتىكى سەۋەبى ۋە ۋاستىسى بولىدۇ دېگەنلىكتۇر.

ئىنــساننىڭ قۇدرىتىغـــا تەســـىر كۆرســـتىش ســـۈپىتىنى قوشقانلىق شېرىك كەلتۈرگەنلىك ئەمەس، بولمىسا بــارلىق سەۋەپلەرنى ئىسپاتلاش شېرىك ھېساپلىنىپ قالىدۇ.

ئاللاھ :{ ئۇنىڭدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ تۈرلۈك- تۈرلۈك مېۋىلەرنى چىقىرىمىز}دەيدۇ،( سۈرە ئەئراف- 57- ئايەت).

ئىنسان ھۆر، ئىرادە قىلغۇچى، كۈچ- قۇۋۋەتكە ئىگە، پائالىيەتچان مەخلۇق. ئىنسانىنى مۇشنداق سۈپەتتە ياراتقۇچى ئاللاھدۇر. ئۇنداقتا ئىنساننىڭ پائالىيەتچانلىقى بىلەن ئاللاھنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پائالىيەتچانلىقى( قىلغۇچى) ئىككەنلىكى ئوتتۇرىسدا زىددىيەت يوق.

ئىنساندا ئىختىيارلىق يوق دېگەن خاتا ئەقىدە بىرەر جەمىيەتتە تارقىلىپ كەتسە، تەبئىي ھالەتتە ھۆكۈمران كۈچلەرگە خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا خەلقلەرنى

بويـــــسۇندۇرۇپ بېرـــــدۇ، خەلقنـــــى سۇسلاشـــــتۇرۇپ

بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. "تەقدىر مۇشـۇنداق ئـىكەن، نەسـىبىمىز

مۇشۇنداق ئوخشايدۇ"! دەيدىغان خاتا ئاڭنى تارقىتىدۇ.

ئىنساندا ئىختىيـارلىق يـوق دەيـدىغان خاتـا ئەقىـدە،

كىشىلەردە رىئاللىققا بويسۇنۇش، ئەمەلىيەتـتە يـۈز بەرگەن

خورلۇققا تەسلىم بولۇش ئېڭىنى تارقىتىدۇ. بۇ ئەقىدىــدىكى

كىشىلەر ئۆزگىرىشكە ياكى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمايـدۇ يـاكى

قارشى تۇرۇشقا كەسكىن ئىرادە باغلىمايدۇ. ئىنساندا ئىـرادە

ۋە قۇدرەت بار دەپ قارىغان كىـشى ئۆزگەرتىـدۇ ۋە قارشـى

تۇرىدۇ. ئەمما ئۆزىنى تەقدىر شـامال قوزغىغانــدا ئۇچـۇپ

كېتىــدىغان پەي دەپ قارايــدىغان كىــشىدە پاسـاتچىلىققا

قارشى تـۇرۇش ئىرادىـسى يـاكى خورلـۇقنى ئۆزگەرتـشكە ئۇرۇنۇش ئىرادىسى تېپىلمايدۇ.

بىز نېمە ئىش قىلالايتۇق دېگەن پەتىۋانى پەيدا قىلىپ، ئـاجىزلىق، هورۇنلـۇق، قورقۇنچـاقلىق ۋە مەسـئۇلىيەتتىن قـېچىش بىـلەن كىـشىلەر ئۆزلىرىنىـڭ مەسـئۇلىيەتنى ئـۆز ئۈستىگە ئـېلىش مەسئۇلىيتىدىن ئـارام تاپتۇرىـدۇ. بـۇلار ئاللاهنىــڭ بــۇ ســۆزىنى ئۇنتــۇپ قالغــان: { ســلەر ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىـڭ بېـشىغا كـېلىش بىلەنـلا چەكلىنــپ قالمايــدىغان بــالا ـقــازادىن ســاقلىنىڭلار، ئاللاهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر}،( سۈره ئەنفال ـ 25ـ ئايەت).

بىلىملىك ۋە مەدەنىيەتلىك كىشلەر، مۇسۇلمانلار ئارىـسدا تارقىلىپ كەتكەن "ئىنساندا ئىختىيـارلىق يـوق، ئىنـسان

مەجبۇرى قانۇن نىزام ئاستىدا ياشايدۇ" دېگەن خاتا ئەقىدىگە قارشى تۇرماق لازىم. بۇ خاتا ئەقىدە ئىنساندىكى ئىجادىيەت روھى، قارامىلىق روھىنى ئۆلتۈرىدۇ، ئىنساندا تۆۋەن شارائىت بىلەن رازى بولۇش ئېڭىنى پەيدا قىلىپ ، يۇقۇرىغا ئىنتىلىش روھىنى يوقىتىۋېتىدۇ.

ئىنسانغا ئىختىيارلىق بەرمەيدىغان، مەجبۇرى نىزام ئاستىدا ياشاشقا ئۈندەيدىغان ھەر قانداق خاتا ئېقىمغا قارشى چىقماق لازىم. ئىنساننىڭ ئەركىن، ھۆر، كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە، ئىختىيارلىق ھوقۇقى بار مەسئۇل مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ شامالدا ئۇچۇپ كىتىدىغان پەي ئەمەسلىكىنى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇنىڭ قىلغان

ئىشلىرىدىن باشقىسىنىڭ پايدا يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئىلان قىلىش ئۈچۈن، ئىنساندا ئىختىيارلىق يوق، ئۇ شۇ ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر دەيدىغان خاتا ئەقىدىنى رەت قىلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ قۇرئاندا:{ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ} دەيدۇ، (سۈرە نەجم- 39- ئايەت).

## تەقدىر مەسىلىسىدە چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە بىخەستەلىك قىلىشنىڭ پەيدا بولۇشى

تەقـــدىر مەسىلىـــسىدە خىلمـــۇ- خـــىل پىرقىلەرنىـــڭ ئەقىدىسىگە كىـرگەن چېكىـدىن ئېشىش ۋە بىخەسـتەلىك قىلىـشتىن ئىبـارەت بۇزۇلـۇش تۈۋەنـدىكى تـۆت ئامىـل سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن:

بىرىنچى: ئىلاھـى سـۈپەتلەرگە بولغـان كـۆز قاراشـنىڭ تارلىقى:

چېكىـــدىن ئاشـــۇرۋېتىش ۋە بىخەســـتەلىك قىلىـــشنىڭ بىرىنچـــى ئـــسپاتلىرىدىن بىرى ـــسى ئـــاللاھ تائالانىـــڭ سۈپەتلىرىگە تـار كـۆز قـاراش بىـلەن قاراشـتا كۆرۈنـدۇ. چۈنكى ئىنساندا ئىختىيارلىق يوق دەپ قارىغۇچىلار؛ ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئومۇملىقى، قۇدرىتىنىڭ ئومۇملىقى، مۈلكىنىـــڭ كـــاتتىلىقى، ئىلاھلىقىنىـــڭ مـــۆكەممەللىكى،

كائىناتتىكى ھەر بىر نەرسىنى كونترول قىلىپ تۇرغۇچى ئىكەنلىكى، ھەر بىر نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى، ھەر بىر نەرسىنى تەقدىر قىلغۇچى، ھەر بىر نەرسىنى پىلانلىغۇچى ئىكەنلىكىگە قارىدى.

بۇ نۇقتىدىن ئۇلار ئاللاھنىڭ مۈلكىدە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىسىز ۋە بىۋاسىتە قۇدرىتىسىز بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى يىراق سانىدى. ئىنسانلار قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى -گەرچە ئىنسانلارغا كۆچمە مەنىسىدە نىسبەت بېرىلسىمۇ- ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر دەپ قاراشتى. بىراق بۇلار ئاللاھنىڭ مۇكەممەل ئادىللىق، تولۇق ھېكمەت ۋە كەڭرى رەھمەت ئىگىسىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بولغان مۇھىم بىر تەرەپكە دىققەت

قىلىشمىدى. ئاللاھ تائالا قانداقمۇ ئۆزى قىلغان ئىنسانلار قىلمىغان ئىشلار بىلەن ئىنسانلارنى مەسئۇلىيەتلىككە تارتسۇن؟ ئىنسانلار قىلمىغان ئىشلارغا قانداقمۇ ئۇلارنى ئەيىپلىسۇن؟ بۇلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بولغاندا ئىنسان تەقدىر قولىدىكى سايىماندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىنساندا مۇتلەق ئىختىيارلىق بار دەپ قارىغۇچىلار: بۇلار ئاللاھنىڭ ئادىللىقى، ھېچ بىر مەخلۇققا زۇلۇم قىلمايدىغانلىقى، ھېچ بىر مەخلۇقنى قىلمىغان بىر ئىش بىلەن جازالىمايدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئەھمىيەتسىز بىر ئىشقا بۇيرۇپ توسمايدىغانلىقى، ئىنسانلار قىلىۋاتقان ئىشلارنى ئاللاھنىڭ يارىتىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئىنسانلاردىن سادىر بولىۋاتقان گۇناھ ۋە خاتالىقلارنىڭ

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن سادىر بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىك تەرىپىگە قاراشتى. چۈنكى ئاللاھنىڭ قەبىھ ئىشلارنى تەقدىر قىلىش ۋە ئىرادە قىلىشتىن ئادىل، ھىكمەتلىك ۋە رەھىمدىل ئىكەنلىك تەرىپىگە قاراشتى.

بۇ خىل كۆز قاراشتىكىلەر، ئەگەر بىز ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن مۇتلەق ئىرادە، تولۇق قۇدرەتنى ئىسپاتلاپ قويساق، ئۇ ۋاقىتدا ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتى ۋە ھىكمىتىنى كەمسىتكەن بولىمىز دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىتائەت ۋە جىنايەت (يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىق)نى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھ تائالا بۇنىمۇ ياراتمىغان، ئۇنىمۇ ياراتمىغان ۋە ھېچ بىرسىنى ئىرادە قىلمىغان.

بۇلارنىڭ كۆز قارشىدا ئاللاھ تائالا مۆمىن بەنــدىللىرىگە

دۇنيادا نىئمەت ئاتا قىلغان بولسا كــاپىرلارغىمۇ ئوخــشاش

ئاتــا قىلغــان. چــۈنكى ئــاللاھ ئىنــسانلارغا پەيغەمــبەر

ئەۋەتتى، ئىش قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارتىپ بەردى، بۇنىــڭ

ئۆزى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىمــان ئېيتىــپ ياخــشى ئىــش

قىلدى. ئاۋۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كاپىر بولۇپ يامان ئىــش

قىلــدى، ئــاللاھ ئىمــاننى بۇنىڭغــا ۋە ئۇنىڭغــا سۆيۈملۈك

قىلغــان ۋە كۇفرىلــق، پاســقلىق، گۇنــا ئىــشلارنى يامــان

كۆرســەتكەن ئىــدى. بىــراق مــۆمىنلەر ئــاللاھ يامــان

كۆرســەتكەن نەرســنى يامــان كــۆردى، كــاپىرلار بولــسا

ئەكسىچە ئىش ئېلىپ باردى.

بۇ ئارقىلىق بۇ خىل كۆز قاراشتىكى كىشىلەر ئـاللاھنى بىـر تەرەپـتە ئـاقلاپ، مـۇتلەق ئىـرادە، قـۇدرەت ۋە يـارتىش تەرەپتىن سەل قارىدى.

ئىنـسانىدا ئىختىيـارلىق يـوق دېگـۈچىلەر; ئاللاھنىـڭ مۈلكىنىـڭ مۈكەممەللىـك سـۈپىتىگە قاراشـتى. مـۇتلەق ئىختىيـارلىق بـار دېگـۈچىلەر; ئاللاھنىـڭ ئۇلۇغلـۇق ۋە ماختاشقا سازاۋەرلىك سۈپىتىگە قاراشتى.

ئەمەلىيەتتە: ئاللاھ تائالاغـا پادىـشاھلىق ۋە ماختـاش مەنسۇپتۇر.

<u>ئىككىنچى</u>: ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆز قارشىنىڭ تارلىقى:

(1) بۇ ئامىل  بىرىنچى ئامىلغا مۇناسىۋەتلىك، چۈنكى كائىناتتا ئىككى خىل كۆرۈنۈش بار:

(2) ـ قىلغۇچى، ھەرگىز تەسىرلىنىپ قالمايدۇ، ئۇ ئاللاھدۇر.

ـ قىلىنغۇچى، ئۇ ھەرگىز قىلالمايدۇ، ئۇ جانسىز نەرسىلەر ۋە شۇ مەنىدىكى  نەرسىلەر.

ئىنسان  بۇ ئىككى خىلنىڭ قايسى بىرسىگە نىسبەت بېرىلىدۇ؟

ئەمما ئاللاھنىڭ ئادىللىقى، ھىكمىتى، رەھمىتى ۋە زۇلۇم، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن پاك ئىكەنلىكى پىكىر ۋە تۇيغۇللىرىنى ئىگەللىۋالغان كىشلەر، ئىنساننى ئۆز ئىشىدا تەسىرلەنمەيدىغان خالىس قىلغۇچى ئېتىبارى بىلەن قاراپ،

ئىنسان ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بىلەن يارىتىدۇ دېيىشىدۇ.

بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىنسان ئاللاھ ئىرادە قىلمىسىمۇ، ئۆزى ئىرادە قىلغان نەرسىنى يالغۇز قىلالايدۇ، ئاللاھ خالىسىمۇ ئاللاھغا ئاسىيلىق قىلالايدۇ، ئەگەر ئىنسان خالىسا ئۆزىنى ئۆزى توغرا يولغا باشلىيالايدۇ ياكى ئازدۇرالايدۇ.

ئاللاھنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ كاتتىلىقى، ئىرادىسىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، قۇدرىتىنىڭ ئومۇملىقى پىكىر ۋە ھېس تۇيغۇللىرىنى ئىگەللەپ كەتكەن كىشلەر، ئىنساننى ئەسلىدە بىر ئىش قىلالمايدىغان تەسىرلىنىدىغان مەخلۇق دەپ قارايدۇ، ئىنساننى سايماننىڭ ئورنىدىكى نەرسە

دېيىشىدۇ. ئۇلار ئىنسانىنىڭ ھەرىكىتىنى دەرەخنىڭ لىڭشىغان ھەرىكىتىگە ئوخشاتتى، ئىنسان بىر ئىشنى قىلسا كۆچمە مەنىسىدە قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. يوقىرىقى ھەر ئىككىلى گورۇھتىكى كىشىلەر بۇ مەسىلىگە قارىغۇ كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

نورمال كۆز قاراشتىكىلەر ھەر ئىككى ئىشقا توغرا نەزەر بىلەن قاراشتى. ئىنسانغا قىلغۇچى ۋە تەسىرلەنگۈچى ئىتىبارى بىلەن قارىدى. ئىنسان ھەقىقەتتە ئىش قىلغۇچى، تەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە ئىرادىلىك مەخلۇقتۇر.

بىراق ئىنسان بىر ئىشلارنى قىلالىشىدا ھېچقانداق بىر تەرەپتىن تەسىرلىنىپ قالماستىن ئاللاھ تەرىپىدىن تەسىرلىنىدۇ.

ئىنسان قىلغۇچى ۋە ئىرادە قىلغۇچىدۇر، چۈنكى ئاللاھ ئىنساننى شۇنداق ياراتتى.

ئۈچىنچى: مۇقەددەس تېكىستلەرنى پارچىلاپ قوبۇل قىلىش:

يەنى بىر مەسىلىدە مۇقەددەس تېكىستلەرنى پارچىلاش ياكى بەزىسىنى ئېلىپ يەنە بەزىسىنى تاشلاپ قويۇش دېگەنلىكتۇر.

ھەر بىر مەزھەب ياكى پىكىر ئېگىسى ئۆز قارشىنى دورىمۇچىلىق، تەسىرلىنىش ياكى خوسۇسى ئويلۇنۇش سەۋەبىدىن تۈزۈپ چىقىدۇ. ئاندىن مۇقەددەس تېكىستلەرنى ئۆز پىكىرىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن سۆرەپ كىرىدۇ. ئەگەر ئۆز پىكىرىگە زىت كېلىدىغان تېكىستلەر

بولـۇپ قالــسا، تنكــستلەرنى رەت قىلــدۇ ياكى ئــۇنى نورمالسىز ئىزاھلايدۇ.

قۇرئـــان كەرىـــم: { ســـلەر كىتاپنىـــڭ بىـــر قىـــسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىـسىم ئەھكـاملىرىنى ئىنكـار قىلامسىلەر؟}دەيدۇ( سۈرە بەقەرە ـ 85ـ ئايەت).

تۆتىنچى: چۈشەنچىلەرنى بەلگىلىمەسلىك:

چېكىـــدىن ئاشـــۇرۋېتىش ۋە بىخەســـتەلىك قىلىـــشنىڭ مىـــساللىرىدىن: ئـــاللاھ بەنـــدىللىرىنىڭ گۇنـــاھى ۋە قەبىـــھ ئىـشلارنى قىلىـشنى خالامـدۇ ياكى خالىمامـدۇ؟ دېـگەن سۇئالغا بولغان پوزىسىيسى.

ئەگەر كۇپىرلىق، ئېزىش، زۇلۇم، پاساتچىلىق ئاللاھنىـڭ ئىرادىسى بىلەن بولغـان بولـسا، قانـداقمۇ بـۇ ئاللاھنىـڭ

ئـادىللىق، ھىكـمەت بىـلەن ئىـش قىلىـش، سېخىلىق ۋە رەھىمدىللىق سۈپىتى بىلەن ماس كېلىدۇ؟

ئەگەر كۆپىرلىـق، پاسـىقلىق، ئاسـىيلىق ئالّلاھنىـڭ ئىرادىسىدىن خالى بولغان بولسا، بۇ قانـداقمۇ ئالّلاھنىـڭ ھەمـمە نەرسـىنىڭ پادىـشاھى، يـارىتىش ۋە پەرمانىنىـڭ ئىگىسى، ئۇ خالىغان نەرسە بولىـدۇ، خالىمىغـان نەرسـە بولمايدۇ دېگەن سۈپىتىگە ماس كېلىدۇ؟

ئىخـتىلاپ ئاساسـەن بىـر مەنـادىن كـۆپ مەزمـۇننى ئىپادىلەيدىغان سـۆز ئىـشلەتكەنلىك ۋە چۈشـەنچىلەرنى ئىنچىكە ۋە تەپسىلى بەلگىلىمەسلىكتىن كېلىپ چىققان.

چۈنكى ئىرادە دېگەن سۆز ئىككـى خىـل مەنـا بىـلەن ئىستىمال قىلىنىدۇ:

(1) ـ بىر نەرسىنى ياخشى كۆرۈش، ئۇنىڭدىن رازى بولۇش ۋە ئۇنى بۇيرۇش ئۇچۇن كىتەرلىك بولغان ئىرادە.

(2) ـ ئىككىنچى: مەجبۇرلاشنىڭ زىددىكى ئومۇمى ئىختىيارلىق مەنىسىدىكى ئىرادە.

ئىرادە بىرىنچى مەنا بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا " دىنى ئىرادە" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەقسەتنىڭ هاسىل بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ. بەلكى بەزىدە ئۇنى ئاللاھ بەندىللىرىدىن ئىرادە قىلىدۇ، ئۇ ئىش هاسىل بولماي ئەكسىچە ئىش پەيدا بولىدۇ.

مىسالى، ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ}دەيدۇ( سۈرە بەقەر ـ 185 ـ ئايەت).

يەنە:{ ئاللاھ سلەرگە مۇشەققەتنى خالمايدۇ، لېكن ئاللاھ شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرنى پاك قىلىشنى( ئىسلام شەرئىتىنى، بايان قىلىش بىلەن) نېمىتىنى سىلەرگە تاماملاشنى خالايدۇ} دەيدۇ( سۈرە مائىدە ـ 6ـ ئايەت).

ئىرادە ئىككىنچى مەنا بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا " بولۇش ئىرادىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەقسەتنىڭ ھاسىل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار بۇ توغرىسىدا: " ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان نەرسە بولمايدۇ " دەيدۇ.

ئىككى ئىرادىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئاشكارا بولسا مۇنداق دىيەلەيمىز:

ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ گۇناھ ئىشلارنى قىلىشنى بىرىنچى مەنا( يەنى دىنى ئىرادە) بىلەن خالىمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ

پاساتچىلىقنى خالىمايدۇ. بەندىلىرىنىڭ كاپىر بولۇشىغا رازى بولمايدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇمايدۇ، يامان ۋە قەبىھ ئىشلارنى ئاللاھ يامان كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر بۆلۈك ئىشلارنى چەكلىدى، ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن ئاگاھلاندۇردى.

ئەمما ئىرادە ئىككىنچى مەنا بىلەن ( يەنى بولۇش ئىرادىسى) بىلەن بولغاندا ، كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندۇرغانلىقىدا شەك يوق.

بۇ مەنا توغرىسىدا ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزى كەلگەن:

{ مەن سىلەرگە نەسىھەت قىلماقچى بولسام، ئاللاھ سىلەرنى گۇمراھ قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا مېنىڭ سىلەرگە قىلغان نەسىھىتىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولمايدۇ}،( سۈرە هۇد- 34- ئايەت).

يەنە:{ ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ( يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ). ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى،( ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازاپلايدۇ}، (سۈرە ئەنئام- 125- ئايەت).

مۇلاھىزە:

بىرىنجى مەنا بىلەن بايان قىلىنغان ئىرادە ئىسپات ۋە نەفى ( ئوبىكتىپ ۋە سوبىكتىپ) ھالەتتە ئوچۇق خەۋەر سۈرتىدە كەلدى.

ئەمما بولۇش مەناسى بىلەن كەلگەن ئىرادە شەرت سىيغىسى بىلەن كەلدى، شەرت سىيغىسى چوقۇم بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

## چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن سوپىلارنىڭ ئازغۇنلىقى:

بىر قىسىم توغرا يولدىن ئازغان كىشلەر ئىرادە، ئاللا ئىرادە قىلغان- ئاللاھ ئىرادە قىلغان نەرسىنى ئاللاھ تاللايدۇ ۋە ئۇنى بۇيرۇيدۇ- نەرسىدە رازى بولۇشنى ۋە بۇيرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ خىيال قىلىشىدۇ.

ئاللاھنىڭ گۇناھ ئىشلارغا رازى بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇ ئىشلارغا بۇيرۇمايدىغانلىقىدا شەك يوق. گۇناھ ئىشلار

يالغۇز ئىنسانىنىڭ ئىرادىسى بىلەن سادىر بولىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنىڭ بۇنداق ئىشلاردا ئالاقىسى يوق دەپ قارىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىرادە بىلەن بۇيرۇش ئارلىقىدا چېتىشلىق يوق. چۈنكى ئاللاھ بەزىدە بىر ئىشنى ئىرادە قىلىدۇ( كاپىرلارنىڭ كاپىر بولۇشىنى ئىرادە قىلغانىدەك) بىراق ئۇ ئىشقا بۇيرۇمايدۇ.

بەزىدە بۇيرۇيدۇ ( كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى بۇيرۇغاندەك) بىراق ئىرادە قىلمايدۇ.

شۇنداقلا كۆپلىگەن سوپىلار ئېزىپ كەتتى، بۇلار ئىرادە رازىلىق ۋە مۇھەببەتنى تەقەززا قىلىدۇ، كاپىر بولۇش ۋە گۇنا ئىشلارنى قىلىش ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن

بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىش ئاللاھقا نىسبەتەن سۆيۈملۈك ئىشتۇر، بىزنىڭ ئۇ ئىشقا رازى بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى چىقماسلىقىمىز لازىم دېيىشىدۇ.

بەزى سوپىلار: كاپىر ياكى پاسىق ئىنسان كاپىر بولۇش ياكى پاسىقلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا ئىتائەت قىلدى، گەرچە ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق ئىش قىلغان بولىدۇ، ئۇ كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئىرادىنى ئىجرا قىلغانلىق بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغانلىققا ئوخشاش، ھەر ئىككىلىسى ئىتائەت ھىساپلىنىدۇ! دەپ قارشىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سوپىلار زالىملارغا، زۇمىگەر ۋە مۇستەبىت كۈچلەرگە قارشى چىقمايدۇ، بۇلار: " كىم

خەلقلەرگە " شەرىئەت" كۆزى بىلەن قارىسا ئۇلارغا غەزەپ قىلىدۇ، كىم ئۇلارغا " ھەقىقەت" كۆزى بىلەن قارىسا ئۇلارغا ئۆزرە  بايان قىلالايدۇ"!دەيدۇ.

ئۇلارغا ئۆزرە قويۇلىدۇ، چۈنكى ئـۇلار بىرىنچىـدىن: شـۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبـۇر، ئىككىنچىـدىن: ئـۇلار ئاللاھنىـڭ ئىرادىسى ۋە ئۇلاردىكى قۇدرىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. مانـا بـۇ سوپىلارنىڭ نەزىرىدىكى" ھەقىقەت".

بۇ پىكىر خەلق ئاممىسىدا كەڭـرى تارقىلـىپ كەتـكەن، ئەگەر سىز ئۇلارنى جەمىيەتنى ئىـسلاھ قىلىـش، ئىـسلاھات ئېلىپ بېرىشقا چاقىرسىڭىز ئۇلارنىڭ: ئاللاھنىڭ ئىرادىـسى مۇشۇنداق ئىكەن، دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلايسىز!

بۇ ئالدە، پىكىر ئىسلام دىنىغا زىت پىكىردۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى كاپىرلار ۋە پاسىقلار قارشى چىقىش، ناچار ئىللەتلەرنى ھەر خىل ۋاسىتىلار بىلەن ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇدى. ناچار ئىش ۋە زۇلۇم يۈز بېرىۋاتسا شۇك تۇرغانلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا يولۇقۇشنىڭ ئىللىتىدۇر.

تەقدىر ۋە سەۋەپ

تەقدىرنىڭ مەنىسى: ئاللاھ ھەممە نەرسىلەرنى بىلەتتى، ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى ئىرادە قىلدى. ئۇنداقتا ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلمى ۋە ئىرادىسىگە بىنائەن شەكسىز يۈز بېرىدۇ. مۇنداق دېگەنلىك غايە ۋە نەتىجىگە

يەتكۈزىدىغان سەۋەپ ۋە ئۇسۇللارنى تاشلىۋېتىش دېگەنلىك بولامدۇ؟ چۈنكى ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسە ئەمەلى يۈز بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە ھېچ بىر نەرسە قارشى تۇرالمايدۇ.

ئەگەر ئاللاھ كىسەلنىڭ ساقىيشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنسۇن ياكى كۆرۈنمىسۇن ياكى دارا يېسۇن ياكى يېمىسۇن چوقۇم ساقىيىدۇ.

ئەگەر ئەسكەرلەرنىڭ غەلبە قىلىشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، تولۇق تەييارلىق قىلغان بولىسمۇ مەغلۇپ بولىدۇ دەپ بەزى كىشىلەر خىيال قىلىشىدۇ. بۇلار تەقدىرگە ئىشىنىش- نەتىجە بەلگىلىنىپ بولغانلىقى ئۈچۈن- سەۋەپ قوللىنىشقا زىت كېلىدۇ دەپ قارىشىدۇ،

بۇلار تەقدىرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتىن يوقۇرقىدەك خاتالاشتى، بۇلار، ئاللاھ نەتىجىلەرنى سەۋەپسىز ۋە مۇقەددىمىسىز تەقدىر قىلىدۇ دەپ ئويلىشىدۇ، بۇ ئوچۇق خاتالىقتۇر.

چۈنكى ئاللاھ نەتىجە بىلەن سەۋەپنى، نەتىجە بىلەن مۇقەددىمىنى تەڭ تەقدىر قىلىدۇ. چۈنكى تەقدىر ئالەمدىكى بارلىق پەيدا بولغۇچى نەرسىلەرگە چېتىشلىق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بىلىشىدىن ھېچ بىر نەرسە قېچىپ كېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ كىسەلنىڭ ساقىيىشىنى تەقدىر قىلسا، ساقىيىش نەتىجىسىنىڭ ئۆزىنىلا تەقدىر قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۇئەييەن دورىلارنى ئىچىشىنى ياكى مۇئەييەن تاماقتىن ساقلىنىشنى ياكى مۇئەييەن بىر خىل

ئادەتنى قولللۇنۇشنى تەقـدىر قىلـدۇ. ـئاللاھنـىڭ قـانۇنى بويىچە ـ سەۋەپ ئارقىلىق كىسەلدىن ساقىيدۇ.

ئەگەر ئـاللاھ بىـر كىـسەلنىڭ ئۆلۈشـىنى يـاكى سـاق كىشىنىڭ كىسەل بولۇشـىنى تەقـدىر قىلـسا، ئـاللاھ تائـالا ئـىشلارنى سـەۋەپلىرى بىـلەن بىـرلىكتە تەقـدىر قىلـدۇ، ھەممىسى تەقدىرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

نەتىجە ياكى قىلىنغـان ئـىش ئاللاھنـىڭ تەقدىرىـدۇر، شۇنداقلا سەۋەپ قىلىشمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.

ئۆمەر ( ئاللاھ ئـۇ كىـشىدىن رازى بولـسۇن) سـۈرىيەگە كىتىۋاتقان ئىدى. ئـۇ سـەپەر جەريانـىدا سـۈرىيەگە ۋابـا كىسىلىنىڭ تارقاپ كەتكەنلىگىنى بىلىپ، سۈرىيەگە بارماي قايتىپ كىتىشنى قارار قىلغان چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە نـامىلىق

بىر ساھابە: " ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قاچماقچىمۇ؟" دېگەندە ئۆمەر:" ھەئە، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قاچىمىز" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ۋابا كېسىلى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن يۈز بەرگەن، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر.

ئۆمەر ئۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن :" ئەگەر سىنىڭ تۆگىلىرىڭ بولۇپ، مۇنبەت زېمىن بىلەن قۇرغاق قاقاسلىق زېمىنىڭ بولسا، تۆگىلەرنى ئوت- چۆپلۈك زېمىندا باقساڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولىسەن، ئەگەر قۇرغاق قاقاسلىق زېمىندا باقساڭمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن باققان بولمامسەن؟ دېگەندە،

ئەبۇئۇبەيدە:" شۇنداق " دەپ جاۋاپ بىرىپ قايىل بولغان.

ئاللاھنىڭ تەقدىرى ھەقىقەت، ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىجرا بولىدۇ، بىراق ئۇ تەقدىر ئاللاھ كائىناتنىڭ نىزامىنى تۈزگۈزغان قانۇنى، ھاياتلىقنىڭ نىزامى تۈزلۈشى ئۈچۈن ئاللاھ  ياراتقان سەۋەبلەر ئارقىلىق ئىجرا بولىدۇ، قانۇن بىلەن سەۋەبلەر ئاللاھنىڭ ئومۇمى تەقدىرىدىن پارچىلانمايدىغان بىر قىسمىدۇر.

تەقدىر ۋە ياخشى ئەمەل

تەقدىرگە ئىشىنىش، ئىتائەت ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، ئاللاھ ئەزەلدىن بىلگەن ۋە

لەۋھۇلمەھپۇزدا بەلگىلەنگەن نەرسە شەكسىز بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئاللاھنىڭ ئىلمى بىلمەسلىك بولۇپ قالىدۇ دېگەن كۆز قاراش خاتالىقلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

ئەگەر ئۆمەر( ئىبنى خەتتاپ) ئاللاھنىڭ ئىلمىدا بەختسىز ۋە دوزاخ ئەھلىدىن بولسا، بۇ بەختسىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەختلىك بولۇپ، جەننەت ئەھلىگە ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

ئەگەر مۇھەممەد( پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) بەختلىك بولۇپ جەننەت ئەھلىدىن بولسا، ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەختسىز بولۇپ، دوزاخ ئەھلىگە ئۆزگىرىپ قالمايدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بەختلىك كىشى ئاپىسىنىڭ قورسىقىدا بەختلىك بولغىنى، بەختسىز كىشى ئاپىسىنىڭ قورسىقىدا

بەختسز بولغنندۇر. بەختلك بەختسز بولۇپ قالمايدۇ. شۇنداقلا بەختسزكشى بەختلك بولۇپ قالمايدۇ. ئۇنداقتا ئەمەل قلشنك، ئۆزنى چارچتشنك هېچقانداق پايدىسى يوق، چۈنكى تەقدىردە بەلگلەنگنى شەكسز شۇنداق بولدۇ دىيلمەكتە.

بۇ كۆز قاراش قاتتق نادانلق ۋە ئېغر ئېزش بلەن يەكۈنلەنگەن كۆز قاراشتۇر، بۇ كۆز قاراش ئككى تەرەپتن خاتادۇر:

برنچى: ئاللاهنڭ بلشى نەرسلەرنڭ ئەمەلىيەتتنكى ئەهۋالغا ئالاقدار، شۇنداقلا ئاللاه ئۇ ئشلارنى ئۆز پتى يېزىپ قويدۇ ۋە تەقدىر قلدۇ. چۈنكى بلش مەلۇماتقا ماس كلدۇ. ئاللاه تائالا ئشلارنڭ

سەۋەپلىرى بىلەن بولدىغانلىقىنى يىزىپ قويىدى ۋە تەقدىر قىلدى. چۈنكى بۇ ئەمەلىيەت، كىم، ئاللاھ نەتىجىلەرنى مۇقەددىمىسىز، سەۋەپلىك قىلىنغان ئىشلارنى سەۋەپسىز تەقدىر قىلدۇ دەپ ئويلىسا، ئاللاھقا تۆھمەت چاپلىغان بولىدۇ.

ئاللاھ، بىر ئىنساننىڭ ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئىش قىلىپ، شۇ سەۋەپلىك بەختلىكلەر بىلەن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى، پالانىنىڭ يامان ئىشلارنى قىلىپ، چەكلەنگەن ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ بەختسىزلەر بىلەن دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى، پالانىنىڭ پالانى خېنىم بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بالا يۈزى كۆرىدىغانلىقىنى،

پالانىنىڭ كۆچەت تىكىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ ، ئۇنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىپ قويىدۇ.

كىـــم؛ مېنىـــڭ جەنـــنەت ئەھلـــى ئىكەنلىكىـــم تەقـــدىر قىلىنغان، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمەل قىلمىساممۇ بەختلىك بولۇپ جەننەتكە كىرىمەن دەپ ئويلىسا، ئاللاھنىڭ بىلىشى ۋە تەقدىرىگە زىت بولىدۇ.

ئـــالايلۇق؛ ئەگەر بىرســـى قوپـــۇپ، ئەگەر ئـــاللاھ ماڭـــا پەرزەنت تەقدىر قىلغـــان بولـــسا ئـــىدى، تـــوي قىلمىـــساممۇ پەرزەنـــت يـــۈزى كـــۆرىمەن دەپ ئويلىـــسا، ئـــۇ نـــادان ۋە ئەخمەقلىق قىلغان بولىدۇ، چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرزەنت تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇ پەرزەنتنى سەۋەبى بىـــلەن بىـــرگە تەقـــدىر قىلـــدى. تەقـــدىر قىلىنغـــان پەرزەنتنـــى، تەقـــدىر

قىلىنغان سەۋەپسىز كۆتكەن ئىنسان ئەخمەق ۋە توغرا يولدىن ئازغان ئىنساندۇر.

ئىككىنچى: بىر نەرسە ئۇقۇلۇپ ۋە يېزىلىپ، ھەمدە شۇ نەرسە ھەققىدە خەۋەر بېرىلسە، يېزىپ قويغانلىق شۇ نەرسىنىڭ ئەمەلى بولۇشىدا كۆپ ىيە قىلمايدۇ. سەۋەپ ۋە ئامىللاردىن بىھاجەت بولۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ.

چۈنكى بىلىش ھېلقى مەلۇملۇق بولغان ئىشنىڭ پەيدا بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەپ ئەمەس. بەلكى ئەمەلىيەتتىكى نەرسگە ماس كېلىشتۇر.

كىلەچەكتىكى ئىشلارنى بىلىش ۋە ئۇ ھەقتە خەۋەر بېرىش، ئۆتمۈشنى بىلىش ۋە ئۇ ھەقتە خەۋەر بەرگەنلىككە ئوخشاش. چۈنكى بىزنىڭ بىزدىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن

ئىشلارنى بىلىشىمىز ۋە ئۇ ھەقتە خەۋەر بېرىشىمىز ئاسمان ۋە زېمىندەك بىز پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى پەيدا بولغان نەرسىلەرنى بىلىشىمىزگە ئوخشاش. بەلكى ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى بىلگىنىمىزگە ئوخشاش. بۇ بىلىشنىڭ ھېلقى مەلۇملۇق نەرسىنى پەيدا قىلىشتا ھېچقانداق تەسىرى يوق.

بۇ ئارقىلىق؛ بەختلىك ئىنسانىنىڭ بەختسىز بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى، بەختسىزنىڭ بەختلىك بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلاشتۇرالايمىز. بىراق ئاللاھ بىر ئادەمنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇ ئىنسان ئاللاھ بەختلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى قىلغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن بەختلىك بولىدۇ. بەختسىز ئادەم ئاللاھ بەختسىزلىكىنىڭ ئامىللىرى ۋە سەۋەپلىرى قىلغان

ئــشلارنى قىلىــش بىــلەن بەختــسىز بولىــدۇ. تەقــدىرگە

تــاينىۋېلىش، تىگىــشلىك ئىــشلارنى قىلماســلىق بەختــسىز

بولۇپ قېلىشنىڭ ئامىللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئەلى( ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) ھەدىس بايــان

قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

" بىز بىر جىنازىنى دەپنە قىلىش بىلەن مەشــغۇل ئىــدۇق،

شۇ ۋاقىتتــا پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام كېلىــپ قېــشىمىزدا

ئولتۇردى، ئۇ كىچىك بىر تايــاقنى يەرگە نوقــۇپ تــۇرۇپ:"

ھەر بىرىڭلارنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقــا كىــرىدىغىنىڭلار،

شۇنداقلا بەختلىــك يــاكى بەختــسىز بولۇشــۇڭلار تەقــدىر

قىلىنىــدى" دىــدى، بىــر ئــادەم قوپــۇپ: ئــى ئاللاھنىــڭ

پەيغەمبــرى! تەقــدىرگە تەن بىرىــپ، شــۇنىڭدا نــېمە

يېزىلغان بولسا شۇنى كۆرۈپ، ئەمەل قىلىشنى
تاشلىمايلىمۇ؟ چۈنكى بىزدىن كىم بەختلىك بولسا
بەختلىك ئادەملەرنىڭ ئىشىنى قىلىدىكەن، كىم بەختسىز
بولسا بەختسىز ئادەملەرنىڭ ئىشىنى قىلىدىكەن دېگەندە،
ئۇ "ئەمما بەختلىك كىشلەرگە ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى
ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ، بەختسىز ئادەملەرگە بەختسىز
ئادەملەرنىڭ ئەمەللىرى ئاسانلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ" دەپ
بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: { ( پۇل مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى
ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان،( كەلىمە
تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز
ياخشىلىق يولىنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز، بېخىللىق
قىلىپ،( ئاللاھنىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت

ھساپلىغان، كەلىمە تەۋھىــدنى ئىنكــار قىلغــان ئــادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز}،( سۈرە لەيل ـ 5~10 ـ ئايەت).

ئىمران بىنى ھۇسەيىن بايان قىلغان بىر ھەدىــستە:" ئــى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! جەننەت ئەھلى، دوزاخ ئەھلىدىن بىلىنــدىمۇ؟ دەپ ســورالغاندا: " ھەئە" دېــدى، ئانــدىن ئــۇلار: ئۇنــداقتا نــېمە ئۈچــۈن ئەمەل قىلىمــىز؟ دېگەنــدە، پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام جــاۋاپ بېرىــپ:" ھەر بىرســى يارىتىلغان نەرسە ئۈچۈن مۇيەسسەر قىلىنغاندۇر" دېگەن.

دىـــمەك تەقــدىر بەلگىلىنىـــپ بولغـــان، ئـــۇ ئەمەلنـــى توسمايدۇ، تەقدىرگە تاينىۋېلىشنى ۋاجىپ قىلمايدۇ، بەلكى تىرىششنى ۋە كۆپ خىزمەت قىلىشنى ۋاجىپ قىلىدۇ. چــۈنكى

ھېچ بىر مەخلۇق ئۆزىنىڭ بەختىنى ياكى بەختسىز يارتىلغىنىنى بىلمەيدۇ.

ئىنسان تەقدىر قىلىنغان نەرسىگە ئىمكانىيەت يارتىپ بەرگەن سەۋەپ ئارقىلىق ئېرىشەلەيدۇ، ئەگەر ئۇ سەۋەپ قىلسا، سەۋەپ ئۇنى تەقدىر تەقدىر قىلىنغان نەتىجىگە يەتكۈزىدۇ.

ئىلگىرى يېزىلغىنى: بەختىلىك ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بەختىلىك بولىدىغانلىقى، بەختسىز ئىنساننىڭ يامان ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن بەختسىز بولىدىغانلىقى يېزىلغان، بىرسى يېزىلىپ، يەنە بىرسى يېزىلماي قالغان ئىش يوق.

بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلىش، چەكلەنگەن ئىشلاردىن قول تارتىش بەختنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان سەۋەپلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر، يېزىلغان تەقدىر بەختنىڭ ۋە بەخت سائادەتنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئەمەللەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

ئەگەر ئىنسان ئىلگىرى يېزىلغان تەقدىرگە تايىنىپ، بۇيرۇلغان ئىشلارنى قىلمىسا، بەختسىز بولۇشىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. بۇنداق ئويلاش: يىمەيمەن، ئىچمەيمەن، چۈنكى ئاللاھ ماڭا يىمىسەم ۋە ئىچمىسەممۇ تويۇشنى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى قېنىشنى تەقدىر قىلدى دېگەنگە ئوخشاش بىر ئىش.

تەقدىردە يېزىلغىنىغا تاينىمەن دېگەن ئىنسان ئۆزىنىڭ بەختلىــــك يـــاكى بەختــــسىز دەپ يېزىلغـــانلىغىنى لەۋھۇلمەھپۇزدىن كۆرۈپتىمۇ ياكى بىلىپتىمۇ؟.

ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھ بەختلىك بولۇشقا سەۋەپچى بولىدىغان بىر بۆلۈك ئىشلارغا بـۇيرۇدى، بەختسىزلىككە سەۋەپچى بولىدىغان بىر بۆلۈك ئــشلاردىن چەكلىدى. بەخت يولىنى ۋە بەختسىزلىك يولىنى كۆرستىپ قويدى، بىراق ھېچ بىـر ئىنـساننى مـۇئەييەن بىـر ئــشنى قىلىشقا مەجبۇرلىمىدى.

چەكلەنــگەن ئــشنى قىلــپ تــۇرۇپ، ئـــاللاھ مېنــى مۇشــۇنداق بەختــسىزلار قاتارىـــدىن تەقـــدىر قىلـــپ

قويۇپتكەن دېگەن سۆز ئەقلىغا سىغامدۇ؟. قايسى يولنى

تاللاش سىزدىكى ئىختىيار.

## تەقدىر ۋە رىزىق

رىزىق ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانغا تەقدىر قىلىنغان،

ئۆلارنىڭ ئىچىدە رىزىقى كەڭرى بولغانلىرى، رىزىقى تار

بولغانلىرى ۋە نورمال بولغانلىرى بار، ھەممىسىگە رىزىق

بەرگۈچى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھ ھەر بىر نەرسىگە رىزىق

تەييارلاپ بىرىدىغانلىقىغا كېپىل بولۇپ مۇنداق دەيدۇ:{

يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى

ئاللاھ ( مەرھەمەت يۇزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان}،(سۈرە ھۇد ـ 6ـ ئايەت).

يەنە:{ نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ( يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىزدۇر)، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ، ئاللاھ ( سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ( ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر} دەيدۇ، ( سۈرە ئەنكەبۇت ـ 60 ـ ئايەت).

كۆپلىگەن ئىنسانلار، رىزىق ئاللاھ تەرەپتىن ئىنسانلارغا تەقسىم قىلىنىپ بەلگىلەنگەن بولىدۇ دېگەن سۆزنى؛ رىزىق ئىزدەپ ھەرىكەت قىلىشنىڭ پايدىسى يوق، چۈنكى ئاللاھ ھەر كىمنىڭ باي بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇيدە ئولتۇرۇپ ئىش قىلمىسىمۇ باي بولىدۇ، كىمنىڭ

كەمبەغەل بولۇشنى تەقدىر قىلغان بولسا. ئۇ ھەر قانچە زىرەك، پائالىيەتچان بولۇپ، كۆپ ئىشلەپ كەتسىمۇ كەمبەغەل بولىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالا رىزىقنى سەۋەبى بىلەن بىرگە بەلگىلىدى، رىزىق تەقدىر قىلىنغاندەك سەۋەپمۇ تەقدىر قىلىنغان. مەسىلەن؛ ئاللاھ، پالانىنىڭ ئەقلىنى ۋە ھۇشيارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، تىرىشىپ ياخشىلاشتا كۆپ جاپا تارتىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا رىزىقنى كەڭرى قىلىپ بېرىدۇ، يەنە بىر ئىنساننىڭ ھورۇنلۇق قىلىپ، ئەمگەك قىلماي، تۆۋەن تۇرمۇشقا رازى بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تەقدىر قىلغان بولسا ئۇنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: { ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشقا ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار، ئاللاھنىڭ بەرگەن رىزقىدىن يەڭلار}( سۈرە مۇلك ـ 15ـ ئايەت).

ئايەتنىڭ مەنىسى: كىم تىرشىپ، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدە رىزىق ئىزدەشكە سەۋەپ قىلسا ئاللاھنىڭ رىزقىغا ئېرشەلەيدۇ، كىم ھورۇنلۇق قىلىپ، رىزىقنىڭ سەۋەبىنى قىلمىسا ئاللاھنىڭ رىزقىنى يىيىشكە ھەقلىق بولالمايدۇ.

ئاللاھ تائالا جانلىق نەرسلەرنىڭ رىزقىگە كېپىل بولدى دېگەنلىك، بۇ يەر شارىدىكى جانلىق نەرسىلەرگە قۇرۇقلۇقتا بولسۇن ياكى دېڭىزدا بولسۇن رىزىقنىڭ سەۋەپ

ـ چـارىللرىنى تەييـارلاپ بەردى دېگەنلىكتـۇر. چـۈنكى ئاللاھ زېمىننى ياراتقانـدا:{ زېمىننـى بەركەتلىـك قىلـدى، ئەھلى زېمىننىڭ رىزقىنى بەلگىلىدى}،( سـۈرە فۇسـسىلەت ـ 10 ـئايەت).

ئـاللاھ ئىنـسانلارنى يارتـىشتىن ئىلگـىرى، ئۇلارنـىڭ رىزقىنـى زېمىنـدا بەلگىـلەپ بولغـان، ئـۇ مۇنـداق دەيـدۇ:{شۈبھـىسىزكى، سـىلەرنى زېمىنـدا يەرلەشـتۈردۇق، زېمىندا سىلەرگە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى پەيدا قىلـدۇق، ( سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىـڭ مۇشـۇنداق نېمەتلىـرى تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا) ناھايىتى ئاز شـۈكۈر قىلـىسىلەر}،( سـۈرە ئەئراف ـ 10ـ ئايەت).

رىزىققا ئەمگەك قىلمىسا ئىرشىكلى بولمايدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر، شەرىئەت شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىنسانىنىڭ رىزىق تېپىشى ئۈچۈن ئەمەل قىلىش ۋاجىپ ھېساپلىنىدۇ. كىم رىزىق، مال-دۇنيا تېپىشتىن ھورۇنلۇق قىلىپ ئولتۇرۋالسا، سەۋەبىنى قىلمىسا، ئۇ كىشى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىغا ۋە شەرئى ھۆكۈملىرىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ جۈمئە نامىزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەسچىتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا: سىلەر كىم بولىسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، ئۇلار: "بىز ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغۇچىلار" دەپ جاۋاپ بەردى. ئۆمەر ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: "سىلەر تەۋەككۇل

قىلغۇچى ئەمەس بەلكى سۇسلۇق، هورۇنلۇق قىلغۇچىلار، رىزىق ئىزدەشتىن هورۇنلۇق قىلماقلار، هورۇنلۇق قىلىپ ئەمگەك قىلماي، ئى ئاللاھ رىزىق بەرگىن دىسەڭلار ئاسمان ئالتۇن، كۈمۈش ياغدۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقنى بىلىسلەر، ئاللاھ بەندىللىرىگە باشقىلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق رىزىق بىرىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئوقۇمىدىڭلارمۇ؟:{ ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا زېمىنغا تارىلىپ(يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار}(سۈرە جۇمۇئە- 10- ئايەت).

"رىزىق دېگەن تەقدىر قىلىنغان، ئەمگەك قىلمىساڭمۇ ساڭا كىلىدىغىنى هامان كىلىدۇ" دېگەن چۈشەنچە خاتا ئۇقۇمدىن ئىبارەت.

ئىسلام دىنى دىخانچىلىق، سانائەت، ھۈنەر- كەسىپ، سودىگەرلىك، كارخانچىلىق ۋە ھاياتنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە خىزمەت قىلىش بىلەن رىزىق ئىزدىشىمىزنى بۇيرۇدى. جان بېقىش ئۈچۈن كەسىپ قىلىش، ئەمگەك قىلىش، رىزىق ئىزدەش ئىسلام دىنىدا ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن ھىساپلىنىدۇ.

ئۈنداق بولسا نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر كۆپ جاپا چېكىپ، سەۋەپ قىلىسىمۇ ئاز مەھسۇلاتقا ئېرىشىدۇ؟ دېيىشىڭىز مۈمكىن.

توغرا، بەزى ھۇشيار كىشىلەر كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، كۆپ بەدەل تۆلەپ خىزمەت قىلسىمۇ ئازغىنا نەتىجىگە ئېرىشىپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر ئازكۈچ چىقىرىپ ئاز

خــزمەت قىلــسمۇ كــۆپ رىزىققــا ئېرشــپ قالــدۇ. بەزى كىشلەرگە رىزىق جاپاسىز كىلىپمــۇ قالــدۇ، بــۇ بىــر قــانچە سەۋەپلەردىن شۇنداق بولىدۇ:

1ـ ۋەزىيەتتە يوچۇق، نىزاملاردا ئەگىرلىــك ۋە ئەيىــپ نوقــسان بولــۇپ، ئىقتىــساد ۋە بــايلىق ئادىــل تەقــسىم قىلىنمايدۇ. بۇنداق نىزامنى ئىسلاھ قىلىش لازىم بولىدۇ.

2ـ تەبئى ۋەزىيەتمۇ ئوخشاش بولماي قالىدۇ، مەسلەن، شارائىتى تولۇق مۇنبەت موھتلاردا خىزمەت قىلغان ئــادەم بىــلەن شــارائىتى تولــۇق ئەمەس قاقاســلىق مــوھتلاردا خىزمەت قىلغان ئادەم تەڭ بولالمايدۇ. ياۋرۇپا، ئامرىكىدا خىزمەت قىلغان ئادەم بىلەن ئافرىقا ياكى ئاســيانىڭ بىــر

قىسىم جايلىرىدا خىزمەت قىلغان ئادەم ئوخشاش مەھسۇلاتقا ئىگە بولالمايدۇ.

3. ياكى بۇ يەردە ئىنسان سىرنى بىلمەيدىغان تەقدىر بولىدۇ. كىشىلەر ئۇنى بەخت تالەي دەپ ئاتىشىدۇ. مۆمىنلەر ئۇنى " تەقدىرنىڭ ھۆكمى" دەپ ئاتايدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا خوشنا ئىككى سودىگەرنىڭ بىر خىل باھا بىلەن ئوخشاش تاۋار ياكى مال ساتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، بىرسىنىڭ دۇككىنى خېرىدارلار بىلەن توشۇپ كىتىدۇ، يەنە بىرسىگە خېرىدار كىرمەي قالىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا پۇختا ئىش قىلىدىغان خىزمەتچى ياكى ھۈنەرۋەننىڭ بەخت تالىيى كەلمەي قالىدۇ، يەنە بىر ئىنسانغا كەلسەك ئۇنىڭغا مۇنداق ئىقتىدار بولمىسىمۇ

تالەيلك بولدۇ، ھەر قانداق بىر نەرسە ئىلىپ ساتسا پايدا ئالالايدۇ، يوقـۇرى پىلان تۈزمىسمۇ نەتىجىگە ئىرشەلەيدۇ. بەزىدە ئاللاھ ئىنسانغا مەريەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش جاپا تارتمىسمۇ ئۆز پەزلىدىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا: { زەكەرىيا ھەر قېتىم ( ئۇنىڭ) ئىبادەتگاھىغا ئۇنى كۆرگىلى كىرسە ئۇنىڭ يېنىدا بىرەر يېمەكلىك ئۇچىرتاتتى، ئۇ " ئى مەريەم! بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟" دەيتتى، مەريەم" بۇ، ئاللاھ تەرپىدىن كەلدى" دەيتتى، ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان ئادەمگە( جاپا مۇشەققەتسىزلا) ھېساپسىز رىزىق بېرىدۇ}دەيدۇ،( سۈرە ئالى ئىمران- 37- ئايەت).

بۇ يەردە تەقدىر قىلغـان نەرسـگە ئىمـان كەلتـۈرۈش،

ئاللاھ تەقسىم قىلىپ بەرگەن نەرسـە بىـلەن رازى بولـۇش

پايدا قىلىدۇ. تەقدىرگە ئىشەنسە كۆڭۈل خاتىرجەم بولـۇپ

ئارام تاپىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " ئـاللاھ تەقـسىم

قىلىپ بەرگەن نەرسىگە رازى بولساڭ كىـشىلەرنىڭ بـايراقى

بولالايسەن" دېگەنىدى. ھەدىستە بايان قىلىنغان بايلىق"

كۆڭۈل بايلىقىدۇر". بىـر ھەدىـستە شـۇنداق دېـيىلگەن:"

ھەقىقى بايلىق مال- دۇنيانىـڭ كۆپلـۈكى بىـلەن ئەمەس،

كۆڭۈلنىڭ بايلىقى بىلەن بولىدۇ" بۇخارى بايان قىلغان.

رىزىقتـا ئوخـشاش بولماسـلىق ئاللاھنىـڭ كائىنـاتتىكى

قانۇنىيىتىدۇر، ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئاللاھ سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى

بەزىگلاردىن رىزىقتا ئۈستۈن قىلدى}دەيدۇ،( سۈرە نەھل- 71- ئايەت).

شۇنداقلا بەزىدە، رىزىقتا ئوخشاش بولماسلىق كىشلەرنىڭ بىر بىرسگە زۇلۇم قىلىش، ئىقتىسادنى ئادىل تارقاتماسلىقتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقمۇ ھەقىقەت، ئادىل تەقسىم قىلىنمىغان نەرسنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش توغرا ئەمەس.

ئەقىللىق ئادەم كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كۆپ مال - دۇنياغا ئېرشەلمەي قالىدۇ، چۈنكى ئۇ مال- دۇنيانى ھالال يولدىن تاپىدۇ، مال دۇنيا تاپىسمۇ بىخىللىق قىلماي ياخشىلىق ئورۇنلارغا ۋە ئىقتىساد تەلەپ قىلىۋاتقان ساھەلەرگە سېخىلىق قىلىپ بېرىدۇ.

نادان ئادەم بولسا قانداق بولىشى، نەدىن كىلىشى ۋە هالال، هارامغا قارىماي توپلاۋېرىدۇ، كىشلەرنىڭ ماللىرىنى هيلە مىكىر بىلەن قولغا چۈشۈرىدۇ، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن قول تارتمايدۇ.

تەقدىرنىڭ ئادالىتى ئارتۇق بىرىش ۋە ئالاهىدە قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ، يەنى ئىككى ئادەم بىر خىل ئوخشاش ئىش بىلەن شۇغۇللۇنۇپ ئوخشاش ئىش هەق ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللاه هەر ئىككى ئادەمنىڭ تىگىشلىك ئەجرنى بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن بىرسىگە ئۆز پەزلىدىن ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، يەنە بىرسىنى قالدۇرۇپ قويىدۇ.

بەزىدە ئىككى ئادەم ئوخشاش جىنايەت ئىشلەپ ئوخشاش جازاغا لايىق بولىدۇ. ئاندىن بىرسى ئەپۇ قىلىنىپ يەنە بىرسى گۇناھىغا باغلىنىپ قالىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ بىر ئىشقا مەجبۇرلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئىختىيارلىقى ۋە ئىرادىسىدە توسالغۇ دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەندىلەر ئاللاھ تەرەپكە قەلبلىرى جەننەتنى ئارزۇ قىلىش، دوزاخ ئازابىدىن قورقۇش بىلەن تەسىرلىنىپ كەلسۇن!

## تەقدىر ۋە ئەجەل

ئاللاھ تائالا رىزىقنى تەقدىر قىلغاندەك ئۆمۈر ۋە ئەجەلنى تەقدىر قىلدى. ئۆمۈر چەكلىك ۋە بەلگىلەكلىك، ئىنسانىنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقى ئاللاھنىڭ قېشىدا خاتىرلەنگەن بولىدۇ. ئەجەل كەلگەندە كېچىكىپ قالىدىغان ئىش يۈز بەرمەيدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە:{ ئۆلۈم ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار بىردەممۇ ئىلگىرى كېيىن بولمايدۇ}دەيدۇ،( سۈرە ئەئراف ـ 34ـ ئايەت).

ئۇھۇد مەرىكىسىدە بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار ئۆلۈپ كەتكەندى، مۇناپىقلار پىتنە قوزغاپ، ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشقا چىقماي بىزنىڭ قېشىمىزدا قېلىپ قالغان بولسا ئۆلمەيتتى ھەم ئۆلتۈرۈلمەيتتى دېيىشتى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ

پوزتــسيەسنى ئېيــپلاپ مۇنــداق دىــدى:{ يەنە بــر

قسمڭلار( يەنى موناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى،(

يەنى كۇففارلار قايتا هۇجــۇم قىلارمــۇ دەپ جــان قايغۇســى

بىلەن بولۇپ كەتتى)، بۇلار، جاهىلىيەت دەۋرى كــشىلىرىگە

ئوخشاش، ئاللاهغا قارىتا ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى، ئۇلار:

" بىزگە ئــاللاه ۋەدە قىلغــان غەلىبــدىن نېــسۋە بــارمۇ؟"

دەيدۇ. ئېيتقىنكى،" هەممە ئــش ئاللاهنــڭ ئىلكــدە" ،

ئۇلار: " ئەگەر بىزگە غەلىبدىن ئازراق نېسۋە بولسا ئىدى،

بــۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتــۇق" دەيــدۇ. ( ئــى مــۇهەممەد!)

ئېيتقىنكـــى، " ئەگەر ســـىلەر ئـــۆيلىرىڭلاردا بولغـــان

تەقدىردىمۇ( ئــاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلۈشــى  پۈتــۈۋېتىلگەن

كىشلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغــا بېرشــدۇ(

ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ)}، ( سۈرە ئالى ئىمران- 154- ئايەت).

يەنە: { ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشى لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىلغان، بۇ ھەقىقەتەن ئاللاھقا ئاسان} دەيدۇ، (سۈرە فاتىر- 11- ئايەت).

ئۆمۈر ئۇزۇن بولسۇن ياكى قىسقا بولسۇن ئەجەل تەقدىر قىلىنىدۇ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئۇ سەۋەپلىرى بىلەن تەقدىر قىلىنىدۇ، سەۋەپلىرىدىن ئايرىم بولمايدۇ.

كىمنىڭ ئەجىلىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى تەقدىر قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى غىزانى، سۈزۈك ھاۋانىڭ تولۇق بولۇشى، بەدەن چېنىقتۇرۇش، مەس قىلىدىغان ياكى ئەقلنى يوقىتىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك، تاماكىغا

ئوخشاش بەدەنگە زىيانلىق نەرسىلەردىن يىراق بولۇشىغا ئوخشاش سەۋەپلىرىنىڭ تولۇق تەييارلىنىشى تەقدىر قىلىندۇ.

ئۇ ئىنسانىنىڭ ئۆمرى بۇ سەۋەپلەر بىلەن ئۇزۇن بولىدۇ، ئەجەل تەقدىر قىلىنغانىدەك سەۋەپمۇ تەقدىر قىلىنغان بولىدۇ.

كىمنىڭ ئۆمرىنىڭ قىسقا بولۇشى تەقدىر قىلىنغان بولسا؛ ئۇنىڭ ناچار غىزا ۋە بۇلغانغان هاۋاغا ئۇچرايدىغانلىقى، يۇقۇملۇق كېسەللەرگە ئۇچرايدىغانلىقى، زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلىدىغانلىقى، هەر تۈرلۈك هادىسىلەرگە يولۇقىدىغانلىقى، باشقىلارنىڭ قەستەن ياكى خاتا هالەتتە ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە دۇچ كېلىدىغانلىقىغا

ئوخشاش ئىشلار تەقدىر قىلىنغان بولىدۇ. بۇ سەۋەپلەرنىڭ بىرىسى بىلەن ئەجىلى ئاياغلىشىدۇ. بىراق ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بەلگىلەنگەن ۋاقتىتا ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ.

تەقدىر مەسىلىرىدە سەۋەپلەر بىلەن سەۋەپ قىلىنغۇچى ئىشلار ( يەنى نەتىجىلەر) ئارىسىدا ھېچقانداق بىر ئەھۋالدا ئايرىلىش يۈز بەرمەيدۇ. بەزى كىشىلەر؛ ئۆلۈم، ھادىسە ۋە كېسەلگە ئوخشاش تەقدىرلارنى سەۋەپلىرىدىن ئايرىپ خاتا چۈشىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى:" دورا ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بىر نەرسىنى قايتۇرالامدۇ؟ دەپ سورىغاندا: " ئۇمۇ ( يەنى داۋالىنىشمۇ) ئاللاھنىڭ تەقدىرىدۇر" دەپ جاۋاپ بەرگەن".

## گۇنا ئىشلارغا تەقدىر بىلەن بانا كۆرستىش

بەزى كىشلەر قىلغان خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىغا تەقدىر بىلەن بانا كۆرستىدۇ. باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغان، ھارام ئىشلارنى قىلغان جىنايىتىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويىدۇ. ئۇلار؛ مۇشۇنداق بولۇش بىزگە پۈتۈۋېتىلگەن، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ خالىغان بولسا ئۇنداق قىلمىغان بولاتتۇق دېيىشىدۇ.

ئىلگىرىمۇ مۇشرىكلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھدىن باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلغانلىقى، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسنى

هارام قىلغانلىقلىرىنى تەقدىرگە ئارتىپ، ئۇ "ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغان" دەپ بانا كۆرسەتكەن ئىدى.

قۇرئان كەرىم ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ: { مۇشرىكلار؛ " ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئىدى، بىز ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز شېرىك كەلتۈرمەيتتۇق ۋە ھېچ نەرسىنى ھارام قىلمايتتۇق" دەيدۇ، ئۇلاردىن بۇرۇنقى كىشلەر تاكى ئازابىمىزنى تېتىغانغا قەدەر ( ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى) مۇشۇنداق ( يەنى مۇشرىكلار سېنى ئىنكار قىلغاندەك) ئىنكار قىلغان ئىدى. ( ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، " سۆزۈڭلاردا راستىلىققا پاكىتىڭلار بولسا، بىزگە چىقىرىپ كۆرستىڭلار، سىلەر پەقەت گۇمانغىلا ئاساسلىنىسلەر"}دەيدۇ،( سۈرە ئەنئام- 148- ئايەت).

ئىنسان كۆپىنچە خاتالىقلىرىنى ئاقلاپ بانا كۆرستىشكە ئۇرۇنىدۇ. بەزىدە كىچىك خاتالىقلارنى يالغان سۆزلەشتىن ئىبارەت چوڭ خاتالىق بىلەن ھەل قىلماقچى بولىدۇ. بەزىدە بىر ئىنسان بىر ئىشقا بۇيرۇلسا ئېغىرلىق قىلىپ ئۇ ئىشنى ئادا قىلمايدۇ. بەزىدە بىر ئىشلاردىن چەكلەنسە ئۇ ئىشقا ئالدىنىپ كىتىپ قالىدۇ.

بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ۋاقتىڭىزدا ياخشى ئىشلارغا قارىتا ھورۇنلۇق قىلغانلىقى، يامان ئىشلارغا قارىتا مايىلچانلىقنى بايان قىلمايدۇ. بەلكى ئەقلىسىزلارچە مېنىڭ قولۇمدىن نېمە ئىش كىلەتتى؟ بۇ ئىشلار مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس، مەن مەئزۇر دەپ ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇشرىكلار بانا كۆرسەتكەن ئىللەتلەرنى تىل

چايناپ بايان قىلىدۇ. مۇشرىكلار ئۆز ۋاقتىدا:{ ئۇلار:"مەرھەمەتلىك ئاللاھ خالىسا، بىز ئۇلارغا( پەرىشتىلەرگە) چوقۇنمايتتۇق"دېدى. بۇ توغرۇلۇق ئۇلارنىڭ بىلمى( يەنى ئاساسى) يوق، ئۇلار پەقەت جۆيلۈيدۇ}دەيدۇ،(سۈرە زۇخرۇف- 20- ئايەت).

ئىنسانىنىڭ ئاللاھ تەمىنلىگەن كۈچ-قۇۋۋەت، ئەقىل-تەپەككۇر، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ياراتقان ئۈستۈنلۈك ياكى تۆۋەنلىككە تەييارلىق ۋە ياخشىلىق ياكى يامانلىققا يۈزلىنىش ئەركىنلىكىنى ھېچقانداق بىسىز بەرگەنلىكىنى بىلمەسلىكى، ئىنساننىڭ گەدىنىدىكى مەسئۇلىيەتنى كىمەيتىپ قويمايدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيادا قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى شەكسىز بىلىدۇ. بىراق ئاللاھنىڭ بۇ ئىشلارنى بۇرۇن بىلگەنلىكى ئىنسانلارنى ئىلگىرى يېزىلىپ كەتكەن ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمى ئېچىپ بىرىدىغان نۇر، مەجبۇرلايدىغان كۈچ ئەمەس.

ئىنسانلار ئۆزلىگىدىن ئۆزلىرى خالىغان ئىشلارنى قىلىشقا يۈزلىنىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىنى تولۇقلاپ بىرىدۇ.

ئالما تېرىغان ئادەم ئىشتىھالىق مېۋىگە ئېرىشىدۇ. تىكەن تېرىغان ئادەم نېمىنى تېرىغان بولسا شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ، ئاللاھ بۇ ئىشلارنىڭ قايسى بىرسىنى قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ.

كىم ياخشىلىق سەۋەپلىرىگە ئېرىشسە، ئۇ مەقسەت قىلغان نەرسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ ۋە ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

كىم يامانلىق سەۋەپلىرىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭغا مەقسەت قىلغان نەرسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ خاتالىقىدىن يېنىشىنى ئۇچۇن مۆھلەت بېرىدۇ، تەس ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەمەللىرى، رىزقى، بەختلىك بولۇشى ياكى بەختسىز بولۇشىنى تەقدىر قىلغاندا، بۇ ئىشلارنى سەۋەپلىرى بىلەن بىرگە تەقدىر قىلغان. -خۇددى خالىغاندىن باشقا -تەقدىر قىلىنغان نەرسىلەر سەۋەپلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كائىناتتىكى زەررە چاغلىق

نەرسىدىن تارتىپ چوڭ جىسىملارغىچە ھەر بىر نەرسە قانۇنىيەت نىزامىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بۇ ھەقتىكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى مۇنۇ ھەدىسى شاھىد بولالايدۇ:" ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار جەننەت ئەھلىنىڭ ( يەنى ياخشى كىشىلەرنىڭ) ئەمەلىنى قىلىپ، جەننەتكە كىرىشكە بىر گەز مىقدارى قالغان چاغدا، ئىلگىرى يېزىلغان كىتاپ( يەنى تەقدىر) ئىلگىرى بولۇپ، دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، دوزاخقا كىرىپ قالىدۇ. سىلەردىن بىرىڭلار دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ئەمەلىنى قىلىپ، دوزاخقا كىرىپ كېتىشكە بىر گەز مىقدارى قالغان چاغدا ئىلگىرى يېزىلغان كىتاپ ئىلگىرى بولۇپ، ئەھلى جەننەتنىڭ ئەمەلىنى قىلىدۇ، شۇنىڭ

بىلەن جەنــنەتكە كىرىــدۇ" ھەدىــستىكى شــاھىد ئــورنى؛

ســەۋەپ نىزامىنـــى ئـــسپاتلاشتۇر. چـــۈنكى جەنـــنەتكە

كىرىــشنىڭ ســەۋەبى بولىــدۇ، شــۇنداقلا دوۋزاخقــا كىرىـــپ

قېلىشنىڭمۇ سەۋەبى بولىدۇ. ئىنسان بەخىت سائادەت يــاكى

بەختــسىزلىك ئېلىـــپ بارىـــدىغان ئەمەللەرنـــى قانـــداق

قىلىدىكەن، ئۇ ئاخىردا تەقدىردا يېزىلغان نەرسىنى ئــۆز

ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئۇ ياخشى

ياكى يامان ئىشنى ئۆز ئىختىيارى بىــلەن قىلىــدۇ، ياخــشى

ياكى يامان ئىش قىلىشقا مەجبۇرلانمايدۇ.

دېمەك، ئاللاھ تائــالا كائىنــاتنى يارىتىــشتىن 50 مىــڭ

يۇرۇن، بىر بەنــدىنىڭ پــالانى كۈنــدە، پــالانى چىــسلادا،

پالانى ئورۇندا تۇغۇلىــدىغانلىقىنى، مىــجەز خاراكتېرىنــىڭ

قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇ تاللايدىغان ئىلمنى ۋە ئۇ قىلىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن تاللايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئىشلارنى شۇ بەيچە يېزىپ قويىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقى ھەدىس شەرىف ئەمەلنى ئىنسانغا نىسبەت بەردى.

بۇ ھەدىس ئاخىرقى ئەمەللەرى دەسلەپتە تۇتقان يوللىرىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى تۈرلۈك ئىنسانلارنى سۈپەتلەپ بېرىدۇ. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قارىساق مەلۇم بولىدۇ. مەسىلەن: بىر پاسىق ئىنسان ئۆمرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ئېتىقادى كىسەل، ئەخلاقى ناچار ياشىغان بولۇپ،

ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا ئازغانلىقىنى ھېس قىلىپ ھىدايەت تاپتى.

بەزى ۋاقىتلاردا ياخشى ئىنسان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ كېتىۋېتىپ، دۇنيانىڭ ھەر تۈرلۈك ئالدىشىغا ئەگىشىپ خاتا يولغا كىرىپ قالىدۇ.

ئەگەر بىرسى غەيبنى كۆرۈپ( ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس) ئاندىن بۇ ئىككى ئىنساننىڭ دەسلەپكى ھاياتىدىكى ئەھۋالى بىلەن ئۇلارنىڭ تەقدىرىدە پۈتۈۋېتىلگەن ئاخىرى نەتىجىسنى كۆرگەن بولسا ئەلۋەتتە ھەيران بولغان بولاتتى.

بىراق ئاخىرقى ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىشتا ئىلگىرى پۈتۈۋېتىلگەن تەقدىرنىڭ ھېچقانداق مەجبۇرلاش تەسىرى يوق.

ھەدىستىكى كىتاپ ئىلگىرى بولىدۇ دېگەن ئىپادە، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە ھەممىنى تولۇق بىلىدىغانلىقىدىن باشقا ئۇقۇم بەرمەيدۇ. بۇ ئىپادە ئەرەپ تىلىدىكى مۇبالىغە ئۇسۇلى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

شۇ نوقتىدىن ئەمەل قىلىشتىكى ئەركىنلىمىزنى بىكار قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇش توغرا بولمايدىغان ئىش.

بىر بۆلۈك كىشىلەر، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى تەقدىر قىلىۋەتتى، ئاندىن كىشىلەرنى ئۇنى قىلىش ئۈچۈن

بويــسۇندۇردى. ئىنــسانلارنى ئــۇلار قىلىۋاتقــان ئــشلارغا مەجبۇرلىدى دەپ گۇمان قىلىشىدۇ.

مانا بۇ خۇراپات ئەقىدىسىنىڭ ساداسىدىن بەزى نــادان سوپى ئىشانلارنىڭ كۆز ئالدىدا يامــان ئــشلارنى كــۆرۈپ تۇرۇپ ئىنكار قىلماقتا يوق:" بەندىلەر ئاللاھ ئىرادە قىلغان نەرسىدە ئۇرۇنلاشتۇرۇلدى" دېگەنلىگىنى ئــاڭلايمىز. يــاكى خاتالاشقۇچىلارنىڭ بىرسىگە نەسىھەت قىلسىڭىز: ئاللاھ ئەتە ھىدايەت قىلار... دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

گۇناھلارغا تەقدىر بىلەن بانا كۆرستىشنىڭ پاساتلىق تەرەپلىرى

گۇنا ۋە خاتالىقلارغا تەقدىر بىلەن بانا كۆرسىتىش بىر قانچە تەرەپتىن خاتا:

1ـ تەقدىر بىلەن بانا كۆرسەتكەندە ياخشى كىشلەر يامان كىشلەر ئايرىلماي قالىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ تەقدىرلىرىنى يېزىپ بولغان، ئۇلار شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلنى قىلىش بىلەن بەختلىككە، كۇپىرلىق قىلىش ۋە گۇنا ئىشلارنى قىلىش بىلەن بەختسىزلىككە بۆلەنگەن.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:{بىز مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن باراۋەر قىلامدۇق، سىلەرگە نېمە بولدى؟ قانداقچە مۇنداق ھۆكۈم چىقىرسىلەر!}، (سۈرە قەلەم ـ 35ـ ئايەت).

2ـ ئەگەر ئىشنىڭ بۇرۇن پۈتۈۋېتىلگىنى گۇناھلارغا ئـۆزرە بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھ ھالاك قىلىــپ تاشـلىغان ئاد، سەمۇد، فىرئەۋن، قارۇن ۋە لۇت قەۋمــدىن ئىبــارەت زالىم مىللەتلەر قىلغان زۇلۇملىرىدا ئۆزرە قويۇلغان بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۇلار زۇلــۇم قىلغــان چاغــدا ئــۇلارنى جازالىدى.

ئاللاھ مۇنداق دەيــدۇ:{ بىــز ئۇلارغــا زۇلــۇم قىلمىــدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى}، ( سۈرە ھۇد- 151ـ ئايەت).

3ـ گۇنا ئىشلارغا تەقدىرنى باھانە قىلىــپ كۆرسىتىــشنى ھېچ بىر ئىنسان قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىــدىغان بولــۇپ قالــسا مەسئۇلىيەتــسىزلىك قىلغـــان كىـــشى

ئەيىپلانمايدۇ، جىنـايەتچى جازالانمايـدۇ، زالىـم ھىـساپقا تارتىلمايدۇ، دۈشمەنگە قارشى جىھـاد ئېلىـپ بېرىلمايـدۇ، ناھەق ئىشلارغا قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىلمايـدۇ، ياخـشى ئـىشلارغا بۇيرۇلـۇپ، يامــان ئـىشلار چەكلەنمەيـدۇ، بـۇ ئــشنىڭ نەتىجىـسىدە ھايـات بۇزۇلـۇپ، جەمـيەت ۋەيرانچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولىدىغان بولـسا يامـان ئـىشلىرىغا تەقـدىرنى باھـانە كۆرسـىتىدىغانلار زۇلـۇم ۋە تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى چىقماي خورلۇققا بـاش ئىگىـپ تۇرمـۇش كەچۈرىـدىغان ئـىش قىلىـپ چىقىـدۇ. بىـراق ھېچقانداق بىر ئىنـسان ناچـار، خورلـۇق تۇرمۇشـقا بـاش ئىگىشنى خاھلىمايدۇ. خورلۇققا چىداپ تۇرالمايدۇ. دېـمەك قىلغــان ئـــشلىرىغا تەقــدىرنى باھــانە قىلىـــپ

كۆرسەتكەنلەرنىڭ سۆزلىرى ئەقلى ۋە شەرئى تەرەپتىن توغرا ئەمەس.

4. ئاسى گۇناهكارنىڭ تەقدىرنى باهانە قىلىشى نادانلىقتۇر. چۈنكى تەقدىرنى باهانە قىلىش جازاغا ئېلىپ بارىدىغان ئىككىنچى جىنايەتتۇر.

بىر ئوغرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى، ئۆمەر ئۇنىڭدىن: نېمە ئۈچۈن ئوغۇرلۇق قىلدىڭ؟ دەپ سورىغاندا، ئوغرى: ئاللاھ شۇنى تەقدىر قىلىپتىكەن دەپ جاۋاپ بىرىدۇ. ئۆمەر : "ئۇنى دەررە بىلەن ئۇرۇپ، قولىنى كېسىڭلار" دىدۇ. باشقىلار ئۆمەردىن نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلمىز دەپ سورىغاندا ، ئۆمەر:

"ئوغۇرلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن قولى كېسىلدۇ، ئاللاھقا يالغان سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن تاياق يەيدۇ" دېگەن.

ئىبلىس جەننەتتىن قوغلۇنۇپ، يوغانچىلىق قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، تەقدىر بىلەن سەۋەپ كۆرسىتىپ: { پەرۋەردىگارىم! سەن مېنى گۇمراھ قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، يەر يۈزىدە ئادەم باللىرىغا گۇناھلارنى ئەلۋەتتە چىرايلىق كۆرسىتىمەن}، (سۈرە ھىجىر- 39- ئايەت) دەپ، ئازدۇرۇشنى ئاللاھقا نىسبەت بەردى، ئۆزىنىڭ ئېزىشىنىڭ كۇپىرلىق ۋە يوغانچىلىق قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ قويمىدى. ئەمما ئادەم ئەلەيھىسسالام: { پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ،

بىزگە رەھىم قىلمىساڭ بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز، دېدى}،(سۈرە ئەئراف ـ 23ـ ئايەت).

ئاللاھ كىمنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئىرادە قىلسا ئۇنىڭغا ئادەم ئەلەيھىسسالام دېگەندەك دېيىشنى ئىلھام قىلىدۇ، ئاللاھ كىمنىڭ بەختسىز بولۇشىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ ئىبلىسنىڭ باناسىنى ھۆججەت قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى تەقدىرگە ئىشىنىدۇ، كەمچىللىك قىلغان تەرەپلىرى ھەققىدە تەقدىر بىلەن بانا كۆرسەتمەيدۇ. كىم تەقدىرنى بانا قىلىپ كۆرسىتىدىكەن ئۇنىڭ ھۆججىتى جىنىڭغا ئولتۇرمايدۇ.

گۇنا قىلىپ سالغاندا تەقدىرنى بانا قىلىپ كۆرسىتىدىغان كىشى، قورۇسىغا ئوت ئۇچقۇنى ئۇچۇپ

كەلــگەن ئـــادەمگە ئوخـــشايدۇ. ئەقىلىلــق كــشلەر ئــۇ

ئادەمگە: ئۆيـۈڭ كۆيـۈپ كەتمەسـلىكى ئۈچـۈن ئوتنــڭ

ئۇچقـۇننى ئۆچـۈرگىن دېــسە، ئـۇ: بـۇ ئۇچقـۇن نەدىــن

كەلدى؟ شامال سۆرەپ كەلدى، بۇ مېنىڭ ئــشىم ئەمەس،

باشقىلارنىڭ ئىشى، مېنىڭ بـۇ ئــشقا ئـالاقەم ۋە گۇنـايىم

يوق دەپ، مۇشۇ بانــالارنى سـەۋەپ قىلـىپ تۇرىۋېرىـدۇ،

شۇنىڭ بىلەن ئۇچقۇن ئۇلغۇيۇپ ئۆينى پۈتـۈن كۆيـدۈرۈپ

تاشـلايدۇ. گۇنــا ئــشلارنى تەقــدىرگە ئارتــپ قويغــان

ئىنسانىنىڭ ھالى مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئـــادەم ئەلەيھســـسالام مۇســـا ئەلەيھســـسالام بىـــلەن

مۇنازىرە ئېلىپ بارغاندا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلـدى، چـۈنكى

ئـۇ ھەقىقەتــتە ئــدى، ئـۇ مۇســانى يېڭــدى. چـۈنكى

ئىنسانلارنىڭ زېمىنــدا ياشــشى، زېمىنــدا مەســئۇلىيەتچان بولــــشى ۋە ئـــۇ يەردە ھەر تۈرلـــۈك دەرت ئەلەمــــلەرگە ئۇچىرشى، ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇشــتىن ئىلگــىرى ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىســسالام ئــادەم ئەلەيھىســسالامنى گۇنــاھ قىلىپ سالغانلىقى ئۈچۈن ئەيىپلىدى دىــگەن كــۆز قــاراش ئوچــۇق خاتـــالىقتۇر. ئـــۇ ئـــادەم ئەلەيھىســـــسالامنىڭ ئەۋلاتلىرىغــا تېپىــپ بەرگەن قىيىنچىلىقلــىرى ســەۋەبىدىن ئەيىـــپلىگەن ئىـــدى. ئـــادەم ئەلەيھىســـسالام خاتـــالىق ئۆتكۈزگەنلىكىگە ئىنكار قىلمىدى، ئۇ خاتالىقنىڭ ئىلگــىرى يېزىلىپ كەتكەن تەقدىر بىلەن سادىر بولغــانلىقى بــلەن ئۆزرە ئېيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم تۆۋبە قىلدى.

خاتــالىق ئۆتكــۈزۈش تەقــدىردە يېزىلــىپ قالغــانلىقى ئۈچۈن بولغان دەپ بانا كۆرستىش توغرا بولىدىغان بولسا، ئادەمنىــڭ دۈشــمنى ئــبلىس، مۇســا ئەلەيهســسالامنىڭ دۈشـــــمنى پـــــرئەۋىن ۋە ئاللاھنىـــــڭ، مۆمنلەرنىـــــڭ دۈشمەنلىرى بانا كۆرسەتكەن بولاتتى.

مــۆمن ئىنــسان قىينچىلــق يــۈز بەرگەنــدە تەقــدىرگە تايىنىدۇ، تەقدىر بىلەن ھمايىلىنىــدۇ. ئىنــساننىڭ بەخــت سائادىتى بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىــش، چەكلەنــگەن ئىــشتىن يىنىش ۋە تەقدىرگە بويسۇنۇش بىلەن قولغا كىلىدۇ.

**شۇنى بىلش كېرەككى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە تەقدىرى بىلەن گۇناھ ئىشلارغا ھۆججەت كەلتۈرۈلمەيدۇ، ـ چۈنكى**

## ئاللاھ گۇناھ ئىشلارنى ھارام قىلدى - بىراق مۇسبەتلەرگە ھۆججەت كۆرستىلدۇ.

### ئۆزرىسى ھەقىقى قوبۇل قىلىنىدىغان كىشى كىم؟

ئىنسانىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ياكى جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ بۇرۇن تەقدىردە بەلگىلەنگىنى، ئىنسانغا ئۆزرە بايان قىلىش پۇرسىتىنى بىرەلمەيدۇ.

ھەقىقى ئۆزرىلىك ئادەم قىلغان ئەملىنىڭ ھۆكمىنى بىلمىگەن ياكى ئىرادىسى ۋە قۇدرىتى بولمىغان يەتمىگەن ئىنساندۇر.

مەرىپەت سالاھىيتىگە ئىگە بولالمايدىغان كىچىك بالا، ساراڭ ۋە ئىسلام دەۋىتى يەتمىگەن ئىنسانلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: " كىچىك بالا چوڭ بولغۇچە، ئۇخلاپ قالغان كىشى ئويغانغىچە، ساراڭ ھوشنى تاپقىچە بۇ 3 تۈرلۈك كىشىدىن مەسئۇلىيەت كۆتۈرلۈپ كەتتى " دېگەندى.

شۇنداقلا مەجبۇرلانغان، ئۇنتۇپ قالغان ۋە خاتالىشىپ قالغان ئىنسانغا ئوخشاش قىلمىشدا ئىرادىسى بولمىغان كىشى ئۆزىرلىك بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا: { سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن قەستەن قىلغان ئىشلىرىڭلاردا( سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)}دەيدۇ،( سۈرە ئەھزاب ـ 5ـ ئايەت).

## تەقدىرنى مۇداپىئە قىلغىلى بولامدۇ؟

بەزى كىشلەر تەقدىر مۇداپىئە قىلىنمايدۇ( يەنى قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن: ئاللاھ كىمنىڭ كەمبەغەل بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا ئۇ كەمبەغەل بولىدۇ، كىمنىڭ باي بولۇشىنى تەقدىر قىلغان بولسا باي بولىدۇ.

كىمگە خاتىرجەملىك تەقدىر قىلغان بولسا ئۇ شەكسىز ھالەتتە خاتىرجەم بولىدۇ، كىمگە كېسەل بولۇشنى تەقدىر قىلغان بولسا ئۇ شەكسىز كېسەل بولىدۇ دەپ قارشىدۇ.

شۇ سەۋەپتىن بـۇلار: دۇئـا قىلغانلىـنىـڭ پايدىــسى يــوق، چۈنكى دۇئا تەقــدىر قىلىنغــان نەرســنى ئۆزگەرتەلمەيــدۇ دېيشىدۇ.

بۇلارغا دەيمىزكى:

ئاللاھنىڭ نېمىنى تەقدىر قىلغىنىنى بىز بىلمەيمــىز. ئــۇنى پەقەت ئــاللاھ بىلىــدۇ، بىــز ئــۆزىمىزگە تەقــدىر قىلىنغــان نەرسنى ئەمەلىيەتتە سادىر بولغانــدىن كــيىن ئانــدىن بىلىمىز، ئەمەلىيەتــتە ســادىر بولۇشــتىن ئىلگــىرى قانــداق بولۇشىنى بىلمەيمىز.

شــۇنىڭ ئۈچــۈن ئىلگــىرى ھېچقانــداق نەرســە تەقــدىر قىلىنمىغاندەك ھەق سۆز ۋە ياخشى ئەمەلــلەرگە يــۈزلىنىش لازىم بولىدۇ.

بــز ئاللاھنــڭ نېمنــى تەقــدىر قىلغانلىقىغــا قارىمــاي، ئاللاھنـــــڭ قانــــداق ئــــشلارنى بـــۇيرۇپ، نىملەرنـــــى چەكلىگەنلىكىگە قارايلى. بىز مۇشۇنى قىلىشقا قادىر ، ئۇ بىز ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

شــۇنىڭ ئۈچــۈن دۇئاغــا ئىــسلايلى، ئــۇ شــەرىئەت رىغبەتلەندۈرگەن بىر ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئــاللاھ ئــۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىقنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىر سەۋەب قىلىــپ بەلگىلىــدى. شــۇنداقلا ئــۇنى دۇنيــا ۋە ئــاخىرەتتە يامانلىق ۋە بەختــسىزلىكنى مــۇداپىئە قىلىــدىغان قىلىــپ بەلگىلىدى.

پەيغەمــبەر ئەلەيھســـــالام:" تەقــدىرنى دۇئـــادىن باشقـــسى توســالمايدۇ، ئۆمــۈرنى ياخــشىلىقتىن باشقـــسى

ئاشۇرالمايدۇ" دېگەن. تەقدىرنى توسىدۇ دېگەنلىك

سەۋەپلەر سەۋەپ قىلىنغۇچى (نەتىجىلەر)

نەرسىلەرنى توسقاندەك توسىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىنسان ئاللاھ يولىدا جىهاد قىلىشقا، ئىتائەت ئىشلار

بىلەن گۇناھ بولىدىغان ئىشلارغا قارشى تۇرۇشقا بۇيرۇلغان.

ئىنسان ئاللاھ ئۈچۈن بۇيرۇلغان تەقدىر بىلەن

چەكلەنگەن تەقدىرگە ئۇرۇش ئىلان قىلىدۇ.

قورساق ئېچىشنىڭ، ئۇسساپ كىتىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر

تەقدىر، بىز بۇ تەقدىرگە تاماق يېيىش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى

قاندۇرىدىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ئارقىلىق قارشى

تۇرالايمىز. ئۇمۇ تەقدىر، بۇمۇ تەقدىر.

دىمەك سەۋەپ ئارقىلىق تەلەپ قىلىنغۇاتقان نەرسە ھاسىل بولىدۇ، سەۋەپ قىلمىسىڭىز ئىزدەۋاتقان نەرسىڭىزگە ئېرىشەلمەيسىز.

ئەقىللىق ئىنسان تەقدىرگە تەقدىر بىلەن قارشى تۇرىدۇ ۋە قايتۇرىدۇ. ئىنسان سەۋەپسىز ياشىيالمايدۇ. قورساق ئېچىش، ئۇسسۇزلۇق، قورقۇش تەقدىرنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ، ئىنسانلار بۇ تەقدىرگە بۇ تەقدىرلارنى توسالىغۇدەك تەقدىر بىلەن قارشى تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلغان ئىنسان ئاخىرەتنىڭ جازاسىدىن ئىبارەت تەقدىرگە تەۋبە قىلىش، ئىمان ئېيتىش

ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت تەقدىر بىلەن قارشى

تۇرىدۇ.

دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئىلاھى بىردۇر، ئۇنىڭ ھىكمىتىمۇ

بىردۇر، بەزىسى بەزىسگە زىتلىشىپ قالمايدۇ.

## ھىدايەت بىلەن ئېزىش ئارىسىدىكى ئىنسان

ھىدايەت دەرۋازىسى ھەممە كىشىلەرئۈچۈن ئوچۇق:

ئاللاھ تائالا ئىنسانىنىڭ ئۆزىدىن ئۆزى مەسئۇل بولۇشىنى، ئاقىۋىتىنىڭ ئۆز قولىدا بولۇشىنى خالىدى. ئىنسانىنىڭ نىجاتلىقى ۋە بەختىنى ئىنسانىنىڭ ھەركىتى، چىقارغان كۈچى، پاكلىقنى ئارزۇ قىلىش ۋە ھاۋايى ھەۋەس

ئۆستىدىن ھەقىقەتنى، ئېزىش ئۆستىدىن توغرا يولنى تاللىشىغا مۇناسىۋەتلىك قىلدى.

قۇرئان كەرىم مۇنداق دەيدۇ: {كىمكى ھىدايەت تاپىدىكەن، ھىدايەت تاپقانلىقنىڭ پايدىسى ئۇنىڭ ئۆچۈندۇر. كىمكى ئازىدىكەن، ئازغانلىقنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئۆچۈندۇر، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ}دەيدۇ،( سۈرە ئىسرا- 15- ئايەت).

{ ئەگەر ياخشىلىق قىلساڭلار، ياخشىلىقىڭلار ئۆزەڭلار ئۆچۈندۇر، يامانلىق قىلساڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۆچۈندۇر}،( سۈرە ئىسرا- 7 - ئايەت).

{ بەلكى ئىنسان ئۆزىگە( يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىغا) ئۆزى گۇۋاھتۇر، ئۆزىنى ئاقلاش قانچە ئۆزرە

ئېيتقان تەقدىردىمۇ( ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ)}،( سۈرە قىيامەت ـ 14~15ـ ئايەت).

ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ، كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى( نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى(نىڭ جازاسى) مۇ ئۆزىگىدۇر}، ( سۈرە بەقەرە ـ 286ـ ئايەت).

{ شۇ كۈندە ئىنسان ( ياخشى ـ يامان) قىلمىشلىرىنى ئەسلەيدۇ. قارىغۇچىلارغا جەھەننەم ئوچۇق كۆرسىتىلىدۇ. كىمكى( كۇفرىدا، گۇناھتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى( ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى ھەقىقەتەن جەھەننەم بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى

خاهىشىغا بېرىلىشتىن( يەنى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ}،( سۈرە نازىئات- 35~40- ئايەت).

{ (ئى كۇففارلار!) سىلەر نېمىشقا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمەيسىلەر؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سىلەرنى پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ}دەيدۇ،( سۈرە ھەدىد- 8 - ئايەت).

يۇقۇرقى ئايەتلەردىن ئىنسانىنىڭ ئىمان ئېيتىش، توغرا يولدا مېڭىشقا مۇتلەق ئىختىيارلىقى، ھۆرلىگى، شۇنداقلا ئېزىپ كەتسە مەسئۇلىيەتكە تارتىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

## ئىككى نىئمەت بارلىق بەختنىڭ ئاساسدۇر:

ئاللاھ بەندىللىرىگە بۆيۈك ئىككى نىئمەت ئاتا قىلدى. ئۇ ئىككى نىئمەت پۈتۈن بەختنىڭ ئاساسى، بارلىق ياخشىلىقنىڭ مەنبىيىدۇر.

بىرىنچى: ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى دەسلەپقى يارىتىلىشىدا ساپ تەبىئەت ئۈستىدە ياراتتى.

ئىككىنچى:ئاللاھ ئىنسانلارنى ئومۇميۈزلۈك ھىدايەت قىلدى، بىرەر مىللەتنى ئايرىپ قويمىدى، كىتاپ چۈشۈرۈپ بەردى، پەيغەمبەر ئەۋەتىپ بەردى ۋە ئۇلار بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. دەۋەت يەتمىگەن كىشىلەرنى ئازاپلىماسلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا:{ پەيغەمبەر ئەۋەتمەي تۇرۇپ( ھېچ ئادەمنى) جازالىغىنىمىز يوق} دەيدۇ، ( سۈرە ئىسرا- 15- ئايەت).

## خالىغان كىشىنى ئازدۇرىدۇ دېگەنىنىڭ مەنىسى:

ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئاللاھ ھەقىقەتەن خالىغان كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ، خالىغان كىشىنى ھىدايەت قىلىدۇ}دەيدۇ،( سۈرە فاتىر- 8- ئايەت).

بەزىلەر مۇشۇ ئايەتكە ئېسىلىپ، ئايەتنى مۇلاھىزە قىلمىغانلىقى، ئايەتنىڭ بەزىسنى يەنە بەزىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنمىگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلغان جىنايەتلىرىنى تەقدىرگە ئارتىپ قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئــاللاھ قۇرئانــدا:{ شــۇ ئــارقىلىق پەقەت پاســىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ، پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كىيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ}دەيدۇ(سۈرە فاتىر-8 - ئايەت).

دىــمەك بــۇ يەردىكــى ئــازدۇرۇش ۋەدىــسىنى بۇزغــان، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغــان پاســىقلار ئۈچــۈن بېــرىلگەن جازادۇر.

يەنە:{ ئۇلار ھەقتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كىيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئــاللاھ پاســىق قەۋمنــى ھــىدايەت قىلمايــدۇ}دەيــدۇ،( ســۈرە ســەپ- 5- ئايەت).

{ (كــۇفىردا) ھەددىـــدىن ئاشـــقۇچىلارنىڭ دىللىرىنـــى ئەشـۇنداق پېچەتلەيمـــز}دەيـدۇ،( سـۈرە يۇنـۇس ـ 74ـ ئايەت).

كىشلەر ئىماندىن يۈز ئـۆرۈپ، ئاللاھنىـڭ پىرىنـسىپىنى تاشـلىغان چاغـدا، ئـاللاھ ئۇلارنىـڭ دىللىرىغـا پـېچەت بېسىۋېتىش ۋە قەلبلىرىنـى قـاتتىق قىلىـپ قويـۇش بىـلەن جازالىدى. بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرلىقى ۋە ئاللاھنىـڭ يولىـدىن توسقانلىقىغا ئۇيغۇن جازادۇر.

ئاللاھ تائالا ئازغۇنلىقنى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئـازغۇنلۇق بىلەن جازالايدۇ. ھىدايەتنى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھـىدايەت بىلەن مۇكاپاتلايدۇ، شۇنداقلا يامانلىققا ئوخشاش يامانلىق

بلەن جازالايدۇ، ياخشىلىققا ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن مۇكاپاتلايدۇ.

ئاللاھ:{ ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل ( يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى}دەيدۇ،( سۈرە بەقەرە ـ 10 ـ ئايەت).

يوقارقى ئايەتلەردىن ئازدۇرۇۋېتىش ۋە قەلبگە پېچەت بېسىۋېتىش كۇفرلىق، پاسىقلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىشنىڭ سەۋەپلىرى ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى ۋە ئاللاھنىڭ سەۋەپ ۋە نەتىجىدىكى قانۇنىغا ئاساسەن جازاسى ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

ئازدۇرۇۋتىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، يەنى بۇ كىشى ھىدايەتنى تاشلاپ، خاتا يولنى تاللىدى، شۇنىڭ بىلەن

ئاللاھ ئــۇ ئــادەمنى مەقــستىگە يەتكــۈزدى. ئىزدەۋاتقــان نەرسىسىنى تاماملاپ بەردى.

ئــاللاھ قۇرئانــدا: { ئــاللاھ ھەقــقەتەن يالغــانچى، ( ئاللاھنىڭ نېئمەتلىــرىگە) كۇفرلىــق قىلغــۇچىنى ھىــدايەت قىلمايدۇ}دەيدۇ،( سۈرە زۇمەر-3- ئايەت).

ئاللاھ ئاتا قىلغان كۆزنى توغرا ئىــشلەتمىگەن، قەلبىنــى كۇپرى، يالغانچىلىق، ئىسراپ، شەك، زۇلــۇم ۋە پاســىقلىق بىلەن بۇلغۇغان كىشى ئاللاھنىڭ ھىــدايىتىنى تاپالمايــدۇ. چۈنكى ئۇ قىلىقى ۋە ئىستىلىنىڭ ناچــارلىقى بىــلەن ئــۆزىگە ھىدايەت يولىنى تاقىۋەتتى، ئىــستىلىنىڭ ئىنــسان ھاياتىــدا تەسىرى بارلىقىدا شەك يوق.

قەلبگە پىچەت بېسىلىش بىلەن جازالانغان كۇپپرى ۋە بىرىنجى قېتىملىق گۇناھ قانداق پەيدا بولىدى؟ دېيىلسە:

جاۋاپ: ئىنساندىن تۇنجى يۈز بىرىدىغان گۇناھ ئاللاھنىڭ ئازدۇرۇشى ۋە تەس ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن ئەمەس، كۆڭلىنى خالىغانچە قويۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن پەيدا بولغان.

ئاساسلىق مەسىلە، ئىنسان كۆڭلىنى قىزىققان نەرسىلەرگە قويۇۋەتتى، ئۆزى بىلەن كار بولمىدى، كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىردى. قۇرئاننىڭ بايانىغا قاراڭ!

{كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن

غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇۋېتىمىز،

ئۇنى ( ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم

نېمە دېگەن يامان جاي}دەيدۇ،( سۈرە نىسا- 115-

ئايەت).

ئەگەر سىز ئاللاھ ھەممە ئىشنى يارىتىپ يەنە نېمە

ئۈچۈن جازالايدۇ؟ دېيىشىڭىز مۇمكىن!.

ئاللاھ ھەممە ئىشنى ياراتتى، بىراق سىزنىڭ خاتا يولدا

مېڭىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، كىتاپ

چۈشۈرۈپ بەردى. پەيغەمبەر سىزگە قىلىدىغان ۋە

قىلمايدىغان ئىشلارنى سىزىپ بەردى. بەختلىك بولۇشىڭىز

ئۈچۈن چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇشىڭىزنى

تەۋسىيە قىلدى. سىز قايسى بىر ئىشنى قىلسىڭىز ئۆز

ئىختىيارىڭىز بىلەن قىلدىڭىز، ئاللاھ سىزنى مەجبۇرلىغىنى يوق. قولىڭىزدىن تۇتۇپ تۇرۇپ يامان ئىشلارنى قىلدۇرمىدى. بەلكى يامان ئىشلاردىن قېچىشىڭىزنى بۇيرۇدى.

ھىدايەت ئىككى خىل مەنادا كېلىدۇ:

1- كۆرسىتىپ قويۇش ھىدايىتى؛

2- ياردەم بېرىش ھىدايىتىدۇر.

بىرىنچىسى كاپىرلار بىلەن ئورتاق ئاقىۋەت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلىدىغان ھىدايىتى كۆرسىتىپ قويۇش ھىدايىتىدۇر. ياردەم بېرىش ھىدايىتى ئاللاھقا ئىشەنگەن، ئاللاھنىڭ پىرىنسىپىغا يۈزلەنگەن كىشىگە بولىدۇ.

كۆرستىپ قويۇش ھىدايىتى بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئومۇمدۇر.

قىينچىلىقلارنى بويسۇندۇرۇپ بىرىش ۋە ياخشىلىق يولللىرىغا ياردەم بىرىش مەنىسىدىكى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى، ئاللاھغا ئىشەنگەن ۋە ھەق يولغا ماڭغان كىشىگە بولىدۇ.

ئەمما ئاللاھغا ئىشەنمەيدىغان ئاللاھنىڭ پىرىنسىپىغا ئىسلمايدىغان، ياخشى ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈگەن كاپىرلارنى ئاللاھ ھدايەت قىلمايدۇ.

بەزى كىشلەر؛ مەن ئۆزۈمگە قارىسام يامان ئىش قىلىپ كىتىپ بىرىپتىمەن، مەن بۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ بەختىسىز ئىكەنلىگىنى چۈشەندىم دەيدۇ، بىز ئۇنىڭغا دەيمىزكى؛ سەن بارلىق يامان ئىشلارنى قىلامسەن؟ خالىس ياخشىلىققا

تەبئەلشىپ كەتكەن ۋە خالىس يامانلىقتا تەبئەلشىپ كەتكەن ئىنسانلار بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىز ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن تاللايدىغان يامان ئىشلارنى يېزىپ قويىدى، سىزنىڭ ئۇ ئىشلارنى تاللايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتى، ئاللاھ بىلگەنلىكى ئۈچۈن پەقەتلا يېزىپ قويىدى، بىراق ھېچ بىر ئىنساننى يامان ئىش قىلىشقا مەجبۇرلىغىنى يوق.

ئەركىن ئىرادە بىلەن قىلىنىدىغان ئىشلارغا ئىلاھى بىلىشنىڭ پوزىسيەسى قانداق؟

ئۇ تولۇق ئۆز ئىچىگە ئېلىش، مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈشتۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا:{ ئۇلار توغرىسىدىكى مەلۇمات پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرگاھىدا لەۋھۇلمەھپۇزدا(

خاتىرىلەكلىكتۇر)، پەرۋەردىگارىم ھەم خاتالاشمايدۇ ھەم ئۇنتۇمايدۇ}دەيدۇ،( سۈرە تاھا- 52- ئايەت).

ئەركىن ئىرادە دېگەن سۆز بىلەن ئەمەللىرىمىز ھەممىنى تولۇق بىلگۈچى ئىلاھى بىلىشنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ دېگەن گەپ بىلەن قانداق ماسلىشىدۇ؟

جاۋاپ ئاسان: سىز سۈزۈك ئەينەكنىڭ ئالدىدا قاپىقىڭىز تۈرۈك، خاپا ھالەتتە تۇرسىڭىز قانداق كۆرۈنىسىز؟ يۈزىڭىز ئەينەكنىڭ ئالدىدا قاپىقىڭىز تۈرۈك خاپا ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

بۇنداق كۆرۈنۈشتە ئەينەكنىڭ گۇناھى بارمۇ؟ ئەينەك پەقەت سۈپەتلەپ بىرەلەيدۇ، ئەگەر كۈلۈپ تۇرغان

بولسڭىز ئەينەك يۈزىدە خۇرسەن ھالەتتە كۆرۈنگەن بولاتتىڭىز.

ئىلاھى ئىلمىنىڭ ئەينىكىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىشلىرىڭىزنى ئېچىپ ۋە رۇشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشلىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ ھەركەتلەندۈرۈۋەتمەيدۇ. ئۇ ئەمەلگە ئەگىشىدۇ، ئەمەل ئۇنىڭغا ئەگەشمەيدۇ.

## ئەمەللەرنىڭ ئىنسان دىلىغا بولغان تەسىرى

ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە ئەمەللەر ياخشى ياكى يامان بولسۇن ئىنسانىنىڭ دىلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن ناماز، ئەگەر بىر ئىنسان نامازنىڭ ۋاقتىغا تولۇق رىئايە

قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئـادا قىلـسا، بـۇ نامـاز ئىگـسىنىڭ قەلـبىگە نـۇر، كـۆڭلىگە خۇرسـەنلىك، بەدىـنىگە كـۈچ-قـۇۋۋەت، ئىرادىـسىگە كـۈچ، يـۈزىگە نـۇر ۋە يامـان ئىشلاردىن قول ئۈزۈش مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاتا قىلىدۇ.

يامان ئەمەللەرنىڭ ئوخـشاشلا تەسـىرى ۋە نەتىجـىسى بولىـدۇ. مەسـىلەن: ھـاراق ئىچـىش، پاھىـشە قىلىـش، جازانىخورلۇق قىلىش ئىدىئولوگىيە، ئەخلاق، ئەقىـل، قەلـب، ۋىجدان ۋە ئىرادىدە ئىنساننىڭ دىلى ۋە ئىـستىلىغا تەسـىر كۆرسىتىدۇ.

ياخشىلىقنىڭ سـاۋابى ئۆنىـدىن كىيىنكـى ياخـشىلىق، يامانلىقنىڭ جازاسى ئۆنىدىن كىيىنكى يامانلىق بولىـدۇ. ئەمەللەرنىڭ تەسىرى ساۋاپ ۋە جازانـىڭ بىـر قـىسمىدۇر.

ئاللاھ تائالا سەۋەپ  ۋە نەتىجىلەرنى ياراتقۇچى، ئۇنىڭ كۈچ قۇۋۋەت ۋە تەسىرىنى بەرگۈچى،ئىرادىسى ۋە ھىكمىتىگە قارىتا ئۇ ئىشلارنى ماگدۇرغۇچىدۇر.

مەسىلەن، ئىنسان تاماق يىگەندە تاماق يىگەنلىكى ئۈچۈن تويىدۇ، ئاللاھ تائالا تويۇشنى تاماق يىيىشكە چېتىپ قويدى. ئەگەر ئاللاھ تويماسلىقنى خالىغان بولسا تاماق يىيىش مەۋجۇد بولسىمۇ خالىغىنى بويىچە بولاتتى. ئەگەر تاماقسىز تويۇشنى ئىرادە قىلغان بولسىمۇ شۇنداق قىلالايتى، ھېچقانداق بىر نەرسە توسالغۇ بولالمايتتى.

دىمەك، تاماق يىيىش ئىنساننىڭ ئۆز ئىختىيارى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولدى. تاماقتىن كىيىن تويۇش ئىشىدا ئىنسان ھەرگىز ئارىلىشالمايدۇ. چۈنكى ئۇ تاماق يەپ

تويۇپ بولغاندىن كيىن تويۇشنى يوقاتماقچى بولسا قادىر بولالايدۇ.

ئەمەلىي شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن بولىدۇ. سەۋەپ قىلىپ بولۇپ ئەمەلدىن كىلىدىغان تەسىرنى توسماقچى بولسا قادىر بولالمايدۇ.

دېمەك، بەزى كىشلەرنىڭ قەلبىگە پىچەتنىڭ بېسىلىشى ياكى ھەقىقەتنى كۆرەشتىن قارىغۇ بولۇشى ئەمەللەرنىڭ تەسىرى، ئىختىيارى ئىستىلىنىڭ تەسىرىدۇر.

چىرايلىق ۋە گۈزەل قىزنىڭ ئەخلاقسىز چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقان كىشىنىڭ ئەھۋالى دەسلەپتە ئۆز ئىختىيارى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، ئالاقە كۈچايغانچە مەجبۇرلىنىدۇ، ئاخىرى جازا ۋە بالاغا يولۇقىدۇ.

## تەقدىرنىڭ سىرى

تەقدىر مەسىلىسىدە " هارام دەيدىغان بىر دائىرە" قېلىپ قالدى. ئەقىللىق كىشلەر بۇ مەيـدانغا كىرمەسـلىكى ۋە ئـۇ ئەتراپتا چۆگىلىمەسلىكى لازىم. ئۇ بولىسمۇ ئاللاھنىڭ خـاس قىلغان نـەرسىسى، خالىغان نـەرسىنى تالىلىشى، دەرت ئـەلەم ۋە بالانى تەقدىر قىلـشى، بۇنىڭغـا نـېمە ئۈچـۈن بەردى؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بەرمىدى؟ نـېمە ئۈچـۈن بىـر تۈرلـۈك كىشلەرنى هىدايەت قىلدى؟ ئەگەر خالىغان بولـسا بـارلىق ئىنـسانىيەتنى هـىدايەت قىلغـان بـولاتتى. نـېمە ئۈچـۈن ئىنسانلارنىڭ گۇنـاھ ئـشلارنى قىلـشنى خالـدى؟ نـېمە

ئۆچۈن زالىم، نادان ۋە كاپىر ئىنسانىنى ياراتتى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى پەرىشتە سۈپەت ياراتمىدى؟ دېگەنگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ ھېكمىتىگە ئالاقىدار ئىشلار.

بۇنىڭغا ئوخشاش سۇئاللارغا ھەر قانداق چەكلىمىدىن خالىي بولغان ئاللاھ خاھىش ۋە مۇتلەق ئاللاھ ئىرادىگە تەسلىم بولماقتىن باشقا قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ يوق. بىز ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنىڭ ئازغىنا بىر قىسمىنىلا بىلەلەيمىز، كۆپلىگەن تەرەپلىرىنى بىلمەيمىز. ئۇ ھېكمەتلەرنى بىلمەسلىكىمىز ئۇنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەيدۇ.

ئەقىللىق ئىنسان، ئاللاھنىڭ ھەر بىر نەرسىنى بىلىدىغانلىقى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقى، رەھمىتىنىڭ ھەممە نەرسىدىن كەڭرى ئىكەنلىكى، ھەممە

نەرسىدىن تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە ساقلانغان سىر ۋە ئاللاھدىن باشقىلار بىلمەيدىغان ئىلمىنىڭ بارلىقىنى بىلىشى يېتەرلىك دەلىلدۇر.

ئاللاھ ئۇ ھىكمەتنىڭ سىرلىرىنى بىزگە كۆيۈنۈپ بىزدىن يوشۇردى. سىرنى بىلەلمىگەن ئىشلاردا ھىكمەتكە ئىشەنسەك يېتەرلىكتۇر. چۈنكى پەرۋەردىگار بىر نەرسىنى ئەھمىيەتسىز ياراتمايدۇ.

ئەگەر ھەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كىتىدىغان ۋاقتىنى بىلىپ قالسا قانچىلىك ئازاپ ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرەر ھە!.

ئـاللاھ قىلغــان ئــشلىرىدىن ســورالمايدۇ، ئىنــسانلار سورىلىدۇ.

تەقـــدىرنىڭ يوقـــارقى ســــاھەلەردە ئىزدىنــــشتىن چەكلەندۇق. چۈنكى ھەر قانچە قىلساقمۇ ھەقىقى نەتىجىگە ئېرىشــەلمەيمىز، ئەقىــل ســەۋىيمىزنىڭ كــۈچى ئــۇ ئــشلارغا يەتمەيدۇ.

بــۇ گېپىمىــز ئىنــسانىنىڭ ئــۆز قىلمىــشلىرى توغۇرلــۇق ئىختىيارىمۇ ياكى مەجبۇرمۇ؟ دېگەن ساھەدە ئىزدىنىــشكە زىت كەلمەيدۇ.

## تەقدىرگە ئىشىنىش مىۋىسى

تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلى، مەنىۋىيىتى، ۋىجدانى، ئىرادىسى، پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئومۇمى ئىسلام ھاياتىدا بەركەتلىك مۇھىم ۋە ياخشى تەسىرى بار.

<u>تەقدىرگە ئىشىنىش مۇسۇلمانلارنىڭ خۇسۇسى ۋە ئومۇمى ئىشلىرىدا قانداق بىر شارائىتتا بولمىسۇن ئىيجابى تەسىرى بولىدۇ. ئەقىللىق ئىنسانلار بۇنى ھىس قىلىپ يېتەلەيدۇ.</u>

تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ مۇھىم ۋە تەسىرلىرى:

<u>1ـ خەتەر ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كۈچلۈك بولۇش؛</u>

ئاللاھ تەقدىر قىلغان نەرسە شەكسىز بولىدۇ، بىر ئىنسان ئەجىلى كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، بىر ئىنسان ئۆمرىنى ئۇزارتىش ياكى قىسقارتىشقا قادىر بولالمايدۇ.

تەقدىرگە ئىشەنگەن ئىنسان ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، چۈنكى تەقدىر قىلىنغان بولسا ئۆيىدە بولسىمۇ ئۆلىدۇ، تەقدىر قىلىنمىغان بولسا ئۇرۇشتىمۇ ئۆلمەيدۇ. ئەجەل بەلگىلەنگەن، رىزىق بۆلۈنگەن، ھەممە ئىشلار ئاللاھنىڭ قولىدا دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان ئىنسان، دىنىنى قوغداشتا قانداقمۇ ئۆلۈمدىن قورقسۇن؟

مۆمىن ئىنسان ئۆمرىدىن ئەنسىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يېزىقلىق كىتاپتا ساناقلىق كۈن ۋە بەلگىلەكلىك تىنىقتىن ئىبارەت.

مۇسۇلمانلارنىڭ دەسلەپقى تارىخى بۇنىڭ جانلىق شاھىدىدۇر.

تەقــدىرگە ئــشەنگەن ئىنــسان بــاتۇر، قەيــسەر ۋە قەھرىمـــان بولــدۇ. شــىرلار قەدەم تاشــلىيالمايدىغان ساھەلەردە خاتىرجەم قەدەم باسالايدۇ.

## 2- زالىملارغا قارشى تۇرۇشتا مۇستەھكەم تۇرۇش؛

تەقدىرگە ئــشەنگەن ئىنــسان باتىــل، زۇلــۇم ئــشلارغا قارشى تۇرۇش ۋە يامان ئىشلارنى چەكلەشــتە مۇســتەھكەم تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ دەۋاسى قىلىدىغان پىــرئەۋنلار ۋە زالىــم ھۆكۈمرانلاردىن قورقمايــدۇ. ئىنــسانلار ســىنىڭ ئــۆمرىڭنى قىسقارتىشقا قادىر بولالمىغىنــدەك، رىزقىڭــدىن بىــر بــۇردە ئېلىۋېلىشقىمۇ قادىر بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇســۇلمانلار زالىملارغا قارشى تۇرۇپ كەلدى، ئۇلار ھەر قــانچە كۈچلــۈك بولسىمۇ باش ئەگمىدى.

زالىم ھەججاج سەئىد ئىبنى جۇبەيرگە ئۆلۈم بىلەن

تەھدىت سالغاندا، ئۇ " ئەگەر ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق سىنىڭ

قولۇڭدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، سەندىن باشقا

ئىلاھقا ئىبادەت قىلمىغان بولاتتىم" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

**3- بالايى قازا چۈشكەندە سەۋر قىلىش؛**

تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ يەنە بىر مېۋىسى، بالايى

مۇسىبەت چۈشكەندە سەۋر قىلىشتۇر. مۆمىن كىشىنى

قورقۇنچا، سەۋرسىزلىك ۋە تاقەتسىزلىك باسمايدۇ، بەلكى

ئۇ مۇسىبەتلەرنى قەلبىدە ئورناپ كەتكەن تاغدەك ئىرادە

بىلەن كۈتۈۋالىدۇ.

مۇسىبەت يۈز بەرگەندە تەقدىرگە ئىشىنىش

مۇستەھكەملىك ئاتا قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇ كەلگەن

مۇسەبەتنىڭ ئۆزى يارتىلىشتىن بۇرۇن تەقدىر قىلىنغانلىقىنى بىلدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىدىن كەتكەن نەرسىگە غەم- قايغۇ قىلمايدۇ، كەلگەن خۇرسەنلىك بىلەن ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، بەلكى مۇستەھكەم ۋە تەمكىنلىك ھالىتىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىن كىشىنى ماختاپ: " مۆمىننىڭ ئىشى قىزىق، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ ھەممىسى ياخشى. بۇ ئاللاھدىن پەقەت مۆمىن ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك كەلسە ئاللاھقا رەھمەت ئېيتىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا زىيان كېلىپ قالسا سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر" دېگەندى.

## 4- ئاللاھ تەقسىم قىلغان نەرسە بىلەن رازى بولۇش؛

تەقدىرگە ئىشىنىشنىڭ مېۋىللىرىدىن بىرسى: ئاللاھ تەقسىم قىلغان نەرسە بىلەن رازى بولۇش، ئاللاھ رىزىق ئاتا قىلغان نەرسە بىلەن قانائەتلىنىشتۇر. بۇ مۆمىننىڭ كۆڭلىدە ۋە ھاياتىدا ياخشى نەتىجە بېرىدۇ.

بىرىنچىسى: كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر: چۈنكى كىشىلەرنىڭ قاتارىدا بىر ئويمان ئالتۇن بىرىلسە يەنە ئىككىنچىسى بولسا بولاتتى دەيدىغانلار بار. ھەقىقى بايلىق كۆڭۈلنىڭ بايلىقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:" ئاللاھ تەقسىم قىلىپ بەرگەن نەرسە بىلەن رازى بولساڭ كىشىلەرنىڭ بايراقى بولالايسەن" دېگەندى.

ئىككىنچىسى: رىزىق ئىزدەشتە ياخشى يول ئىزدەش، مۆمىن كىشى رىزىق ئىزدەيدۇ، تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن جاپا چېكىدۇ. بىراق نورمال يول بىلەن رىزىق ئىزدەيدۇ. كېچە - كۈندۈز دۇنيا ھەلەكچىلىگى بىلەن بولۇپ، بەدەنلىرى چارچاپ، قەلبلىرى چېچىلىپ، كۆڭلى غەمگە چۆمۈپ، بىردەممۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولمايدىغان، مىڭىسى ئارام تاپمايدىغان كىشىلەردەك بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئۈچىنچى: قول ئىلكىدە بولمىغان نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەرىكەت قىلىدۇ، ئېرىشكىلى بولمايدىغان نەرسىنى ئارزۇ قىلىپ ياشىمايدۇ.

## 5- ئېھتىياجلىرىنى ھەل قىلىشتا ئىززەتلىك بولۇش؛

تەقدىرگە ئىشىنىشىنىڭ يەنە بىر مېۋىسى، مۆمىن كىشى

ھاجىتىنى قولىغا كەلتۈرۈشتە ئىززىتىنى قوغدايدۇ، ئۆزىنى خار

قىلىپ قويمايدۇ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ قويىدىغان ئىشلارنى

قىلمايدۇ، مەخلۇققا بىلىنى ئەگمەيدۇ.

ئىززەت مۆمىننىڭ شەرىپى، بۇنىڭغا سەل قاراشقا

بولمايدۇ. بىر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلىش

توغرا بولمايدۇ.

## 6- كۆڭۈل خاتىرجەم بولۇش؛

مۆمىننىڭ كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ھىس قىلىشى، قەلب

ئارامىنى تېپىشىدۇر. چۈنكى ئۇ، ئاللاھ تەقدىر قىلغان

خاتىرجەملىك چوقۇم بولىدىغانلىقى، ئاللاھ تەقدىر قىلغان

بـالايى قـازادىن قېچــپ قۇتۇلالمايـدىغانلىغىنى ئوبـدان بىلىدۇ.

ئـاللاھ تائـالا كۆڭـۈل خۇرسـەنلىكىنى رازى بولـۇش ۋە ئىشنىش ئاساسىدا بەلگىلىدى. غەم ۋە قايغۇنى رەنجىـش ۋە شەك قىلىشقا ئالاقىدار قىلدى.

پســـخولوگىيە ۋە تەربىـــيە ئـــالىملىرى، ئىنـــسانىنىڭ تۆنۈگۈنكى دەرت ئەلەمنى ئۇنتـۇپ كىتىـشىنى، بۈگـۈنكى رىئـاللىق ئىچىــدە ياشــشىنى نەسـىھەت قىلىـدۇ.چـۈنكى ئەتىمۇش قايتا ئەسلىگە كەلمەيدۇ.

دىل كارنىچى " قايغۇرماي باتۇرلارچە ياشـاڭ" نـاملىق مەشهۇر ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: " ئۇننى قايتـا تـارتىش، توپان( قوقـان)نـى قايتـا يىرىـشلىك پايـدا قىلمىغانـدەك،

ئۆتمۈشــكە قــايغۇرۇش ھېچقانــداق نەتــجە بەرمەيــدۇ.

قايغۇرۇش: يۈرۈكىمزگە بۇرۇن قــورۇق پەيــدا قىلــدۇ يــاكى

ئاشقازاندا جاراھەت پەيدا قىلىدۇ".

ئاللاھنىڭ تەقدىرى شەكــسز ئىجــرا بولــدىغان تۇرســا

نېمىگە رەنجىمەك، ئىچى سىقىلماق ۋە شۇملانماق؟

مۆمنىنىڭ شۇئارى دائىم: " ئاللاھ نېمىنى تەقدىر قىلغان

بولسا شۇ بولىدۇ" دىمەكتۇر.

## 7ـ خىزمەت ۋە ھەرىكەتكە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت.

مۇسۇلمان كىشى تەقدىرگە ئىشىنىش ئــارقىلىق كۆڭلــدە

ۋە ھاياتىدا قولغا كەلتۈرگەن كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، يۈرەك

راھىتى، ئۆتمۈشكە ھەسرەتلىنىــشتىن، ھــازىرقى رىئــاللىقتىن

تاقەتــسىزلىك قىلىــشتىن، كىلەچەكــتىن ئىككىلىنىـــشتىن

سالامەتلىكنى ھىس قىلغاندىن كېيىن، دىلىنى تازىلاش، زېمىننى گۈللەندۈرۈش، جەمىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئالەمنى توغرا يولغا يىتەكلەشتە ئىيجابى يۆلۈنۈشكە، پايدىلىق خىزمەتكە ۋە ياخشى خىسلەتكە يۈزەلەنمەكتىن باشقا يولنى تاپالمايدۇ.

مانا بۇ مۇسۇلماننىڭ غەمى، بۇيرۇلغان ئىشلارغا بويسۇنۇش، چەكلەنگەن ئىشلاردىن قول تارتىش ۋە تەقدىر بىلەن رازى بولۇشتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: " كۆچلۈك مۆمىن ئاجىز مۆمىندىن ئاللاھقا بەك سۆيۈملۈكتۇر، ھەر بىرسىدە ياخشىلىق بار. ساڭا پايدىلىق نەرسىگە ھېرىس بولغىن، ئاجىزلىقنى ھىس قىلمىغىن، ئاللاھدىن مەدەت تىلەپ

قەدەم باسقن، ئەگەر مەن مۇنداق قلغان بولسام مۇنداق بولىدىكەن دېمىگىن، بەلكى: ئاللاھ نېمىنى تەقدىر قىلسا شۇ بولىدۇ" دېگىن" دېگەنىدى.

ئاجىز مۇسۇلمان تەقدىر بىلەن ھۆججەت كۆرسىتىدۇ( بانا كۆرسىتىدۇ)، كۈچلۈك مۆمىن كىشى ئاللاھنىڭ تەقدىرى مەغلۇپ بولمايدۇ، ھۆكمى قايتۇرۇلمايدۇ! دەپ ئىشىنىدۇ.

ئىسلام ئازاتلىق دەۋرىدە فارىس( ئىران) قوماندانلىرىدىن بىرىسى ساھابىلارنىڭ بىرسىدىن: سىلەر كىم بولىسىلەر؟ دەپ سورىغاندا، ساھابە: " بىز ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئاللاھ بىزنى سىلەر بىلەن سىنىدى، سىلەرنى بىز بىلەن سىنىدى. ئەگەر سىلەر ئاسماندىكى بۇلۇتنىڭ

ئۆستده بولساڭلارمۇ، بىز ئەلۋەتتە چىققان بولاتتۇق يـاكى سلەر بىزگە چۈشكەن بولاتتىڭلار" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

پەيغەمــبەر ئەلەيهســـسالام: " ئـــاللاھ ئـــاجىزلىقنى ئەيىپلايدۇ، هۇشيار، چىچەن بولغىن، ئەگەر ساڭا بىر ئــش غەلــبە قىلــپ كەتــسە" ئــاللاھ نــېمە دېــگەن ياخــشى ياردەمچى" دېگىن دېگەندى".

قىينچىلىــق يــۈز بەرســە يــاكى يــالايى قــازا كەلــسە هەســـرەتلەنمگىن، ئىيجــابىلىق بىــلەن كىلەچەكـــكە يۈزلەنگىن، ئەمەل قىلغىن، تىرىشقىن، ئەقىـل يۈرگـۈزگىن، پارلاق هايات ئۆچۈن چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلىغىن!